ھاجى مىرزاھىد كېرىمى

# ئالتۇن ئاچقۇچ

(داستان، قەسىدىلەر)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

金钥匙：维吾尔文/米尔扎依提·克里木著. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.12
ISBN 978-7-228-16383-0

Ⅰ.①金… Ⅱ.①米… Ⅲ.①诗集 — 中国 — 当代 — 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.①I227

中国版本图书馆CIP数据核字(2012)第291140号

责任编辑 巴力江·孜帕尔
责任校对 热娜古丽·阿不力米提
美术设计 艾克拜尔·沙力
美 术 字 买买提·诺比提
出版发行 新疆人民出版社
新疆人民出版社
电　　话 0991-2827472
地　　址 乌鲁木齐市解放南路348号
邮　　编 830001
印　　刷 北京顺诚彩色印刷有限公司
经　　销 新疆维吾尔自治区新华书店
开　　本 880×1230毫米 32开本
印　　张 9
版　　次 2014年8月第1版
印　　次 2014年8月第1次印刷
印　　数 1—3000册
定　　价 27.00元



. ھاجى مىرزاھىد كېرىمى .

# نەشرىياتتىن

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى 1939 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قەشقەر شەھىرىنىڭ تاربوغۇز كەنتىدە تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1942 - يىلدىن 1955 - يىلىغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان، 1955 - يىلدىن 1958 - يىلىغىچە سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. كېيىنچە قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا مۇھەررىر بولغان.

ھاجى مىرزاھىد كېرىمى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىلا شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن. ئۇ شىنجاڭ ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەندىن كېيىن ئىدىيەۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتە بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيەگە ئىگە «ئانا ۋەسىيىتى»، «جەڭچىمەن»، «بەخت قىزى ئالبومىدىن» قاتارلىق بىرمۇنچە شېئىرلىرى «تارىم» ژۇرنىلى ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن بەدىئىي ئىجادىيىتىنى داستان - باللادا ۋە رومان يېزىشقا قارىتىپ، بىر تۈركۈم نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى نەشرىياتلاردا ھاجى مىرزاھىد كېرىمىنىڭ «ھېيتگاھتا ھېيت كۈنى» ناملىق داستانلار توپلىمى، «ئالتۇن ئاچقۇچ» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «جۇدالىق»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ» ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ ئى-

چىدە بىر قىسىم ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئەدەبىي ئە-
سەرلەرنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ھاجى مىرزاھىد كېرىمىي ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى
ۋە جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


داستانلار ........................................ 1

ئەسلەش ........................................ 3

بۇ ئەمەس ئەسلىمە، بۇ سۆيگۈ ھۆرمەت ........................ 13

دوستۇمنىڭ ئۆلۈمى ........................................ 25

ئالتۇن ئاچقۇچ ........................................ 41

ھېيتگاھدا ھېيت كۈنى ........................................ 63

بىباھا تۇپراق ........................................ 112

تەۋەررۈك كۆڭلەك ........................................ 137

چولپان سورايدۇ... ........................................ 155

شائىر خىتابى ........................................ 160

يەلكەندىكى گۈلدەستە ........................................ 169

دېرىزە ئەينىكىنى سۈرتىدۇ ئانا ........................ 173

يېڭى يىل سۈرەتلىرى ........................................ 177

قەسىدىلەر ........................................ 205

ئانا قەسىدىسى ........................................ 207

ياشلىق قەسىدىسى ........................................ 214

ۋەتەن قەسىدىسى ........................................ 225

قەشقەر قەسىدىسى ........................................ 228

ئاھۇ كۆز قەسىدىسى ........................................ 236

پەرۋاز قەسىدىسى ........................................ 240

دېڭىز قەسىدىسى ........................................ 247

غۇر ـ غۇر شامال قەسىدىسى ........................ 253

ئۆمۈر قەسىدىسى ........................................ 261
ۋىسال قەسىدىسى ........................................ 267
ئۇۋۋا قەسىدىسى ........................................ 271
تەڭرىتاغ قەسىدىسى ........................................ 277

# داستانلار

# داستانلار

# ئەسلەش

1

هاۋا رەڭ گۈمبەزنىڭ ئۆچتى چىراغى،
زۇلمەتنىڭ قوينىدا جىمجىت ھەممە ياق .
ئېسىمگە سەن چۈشۈپ قەدىم شەرق باغى،
خىيالچان تەلپۈنۈپ ياتىمەن ئويغاق .

ئەي قەشقەر چىققاندۇ شۇ دەم تولۇن ئاي،
زۇمرەت ئاسمانىڭ زەپ تولۇپ يۇلتۇزغا؟
مۇقامغا بىر چالسۇن زوقلىنىپ ئاڭلاي،
تۇتقۇزغىن زېمىن راۋابىنى چېچى قۇندۇزغا .

يىراق، بەك يىراقتا، ئاھ يىراقتىمەن،
شۇندا ھەم ئاۋازى ماڭا ئىشتىلەر .
ئۇ راۋاب قارىندا پىراق ئۆرتىگەن،
بۇ ئاشىق قەلبىمنىڭ تارى چىرتىلەر .

نىتەيمەن، ھەسرەتتە ئۇيقۇم كەلمەيدۇ،
ئۆزۈم يىراقتا، كۆڭلۈم سەندەدۇر .
بىلمەن پەلەكتە بولۇپ ئاي، چولپان،
تىكىلگەن كۆزلىرىڭ شۇدەم مەندەدۇر .

بەختىم سەن سۆيۈملۈك يۇرتۇم - بۆشۈكۈم،
مەن نېچۈن سېغىنىپ ئەسلىمەي سېنى .

ئۆتەر كۆز ئالدىمدىن مېھنەتلىك، ئەجرىلىك،
ئارزۇلاپ، پەپىلەپ ئۆستۈرگەن مېنى .

مىلادىيە مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇزكەن،
مەن يىغلاپ باغرىڭدا كۆز ئاچقان يىلىم .
شېرىن تىل بولسۇن دەپ بادىمىلىك بىلەن،
ئېغىزلاندۇرغانىكەن ئانام ئەزىزىم .

چاي ۋاقتى ئوقۇلۇپ تەكبىر ۋە ئەزان،
مىرزاھىد قويۇلغانىكەن بۇ ئىسمىم .
كىندىكىم كەسكەندە تامچىغان قېنىم
سىڭگەن پاك تۇپراق سەن — تۇتاش بۇ جىسمىم .

مەرۋايىت ئالتۇنۇڭ چايقالغان سۇدا،
يۇيۇلغانىكەنمەن قىرىق تويۇمدا .
ئانام غەم يەيدىكەن ئوت تۇتمىسۇن دەپ،
كۈنلۈكى بىر ئىسرىق سېلىپ بويۇمغا .

پوسمامغا كۆز مۇنچاق، بوينۇمغا تۇمار،
ئېسىپتۇ ماڭا كۆز تېگىشتىن قورقۇپ .
چىققاندا بۇ تىلىم «دادا! ئانا!» دەپ،
ئەقىدە قىلغانىكەن ئۆلار قوي سويۇپ .

سەل - پەللا ئېسىمدە خەتمەم بولغان كۈن،
ئاق تۇخۇم يەپ ئاندىن يىغام توختىغان .
شۇ يىلى بوينۇمغا ئېسىپ جىلتىنى،
جانجان مەكتەپكە مەن قەدەم قويغان .

«ئا، ب،...» نى مەن يېزىپ دوسكىغا بوردا،
چۈشكەن پەن - بىلىمگە ئىشتىياق مېھرىم .

ئاجايىپ كۆكۈللۈك ئۆتكەندى ئۇ،
ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىم — ئېچىلىپ زېھنىم!

ئەي قەشقەر، باللىق ۋاقتىدا سەندە،
كېزەتتىم كوچاڭنى مەن تىنىم تاپماي .
ئۈزەتتىم ئۆركەشلەپ ئاققان تۈمەندە،
چۆمۈلۈپ قايناملىغا سۇ ئۈزۈپ قورقماي...

دوست تارتىپ، كۆكسىگە چاۋاكلاپ مەدداھ،
ھېلىمۇ سۆزلەمدۇ مۇنار ئالدىدا؟
لىق توشۇپ كەتكەندۇ نېمەتكە ھېيتگاھ،
قۇچاقىن ئېچىپ كەڭ مىسكىن - موھتاجغا .

ھېلىمۇ پەشتاقتا ياڭرايدىغاندۇ،
كۆكۈللۈك شادىيان ناغرا ھەم سۇناي؟
خىسلەتلىك سامانى ئوينايدىغاندۇ،
پەرۋانە بولۇپ خەلق مېھرىگە قانماي؟

قانداقمۇ ئۇنتۇيمەن، كۆزلىرىم قىيماي،
قوينۇڭدىن ئايرىلغان ئاشۇ كۆز كۈنى؟!
ھېلىمۇ ئىشتىلىپ تۇرىدۇ ماڭا،
ئانامنىڭ يىغىسى، ئاتامنىڭ ئۈنى .

ئىزغىرىن شامالدا گويا شېخىدىن،
تۆكۈلۈپ چۈشكەن بىر ياپراقتەك ئۇچۇپ .
كەتتىم مەن قەشقىرىم سەن ماڭا بەرگەن
ئايرىلماس ھەمراھىم قەلەمنى تۇتۇپ .

قانداقمۇ ئۇنتۇلسۇن ئىنىستىتۇتتا،
ئۆتكۈزگەن يالقۇنلۇق گۈزەل شۇ دەملەر؟

قاناتقا ئايلىنىپ دىلدىكى ئارمان،
ئىنتىلىپ يۈكسەككە باسقان قەدەملەر؟

مۇشۇ دەم بېشىمدىن توپا سورۇيدۇ،
مېنى شۇ گۈلشەندىن ئايرىغان قويۇن.
شۇ ئالاشقا كەلمەيدۇ كۆزۈمگە ئۇيقۇ،
مەن ئۈچۈن تۈيۈلماس بۇ كېچە ئۇزۇن.

2

خىيالىم بىر باشقا چىقماي تاڭ يورۇپ،
باشلىنار جاپالىق ئەمگەك ۋە ئازاب.
كەتمەننى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا ئىشقا،
كېتمەن گوياكى باغرىڭنى بويلاپ.

چۆمۈلۈپ ئۆتمەن ئوردا ئالدىدىن،
مەززىلىك ھىدىغا بەررى كاۋاپنىڭ.
يىگەن ئاشمانتىدىن قىزىسا تېنىم،
باغرىمنى سەگىتەر مۇزى جۇلاپنىڭ.

چايخانا ئىچىگە مېھمان چاقىرىپ،
ئۆرلەيدۇ تورۇسقا شورپىنىڭ ھورى.
ئاچ قالماس كوچاڭدا مىسكىن، تۇل، غېرىب،
جان قەشقەر، قۇچىقىڭ جاننىڭ ھوزۇرى.

ئايلىنىپ مەن كەلسەم ئەلۋەك چاسىغا،
ئىشكىنى كەڭ ئاچار مەكتىپىم بېغىم.
ماڭا خەت تونۇتقان، دىلىم يورۇتقان،
بېشىمنى سىلايدۇ ئۇستازىم - پىرىم.

خىيالىم بۇلۇنەر چۈشكەندە ئىشقا،
كەچكىچە ھالسىراپ زەيكەش چاپىمەن .
جان قەشقەر ئۈنتۈپ قالاي نىمىشقا،
كۈندۈز ـ تۈن ئىشقىڭدا كۆيۈپ يانىمەن .

كۆڭلۈمدىن شۇ كېچەر : بولۇپ مۇساپىر
چەت ئەلدە بوينۇمنى قىسىپ يۈرۈشتىن .
سۈندۇرۇپ روھىمنى كوچا ئايلىنىپ،
پاناھسىز تەمترەپ ئېزىپ يۈرۈشتىن .

ئۆز ئېلىم چۆلىدە قۇرۇلغان سوغۇق،
كۆلبىدە ياتقىنىم مەن ئۈچۈن راھەت .
تەر تۆكۈپ قۇملۇقنى بوستان قىلغىنىم —
مەن ئۈچۈن ھەممىدىن ئارتۇق سائادەت .

بۇ نىيەت تېنىمگە بېغىشلار ئارام،
ماغدۇرۇم ئۈزۈلۈپ كەتكەندە دەرمان .
شور يەرگە ياتتاقتىن تۆكۈلۈپ شېكەر،
ئەقدە مېھرىمنى كۈچەيتەر ھامان .

بۇندا يوق سەندىكى كۆركەم بىنالار،
يۈلغۇندىن ياسالغان كەپىدۇر ئۆيۈم .
بۇندا يوق ساۋاقداش دوستلار، يارەنلەر،
ئىستەر تۆت ئەتراپتىن ئۇلارنى كۆزۈم .

بۇندا يوق ئاتىنىڭ مېھر ـ شەپقىتى،
بۇندا يوق ئانىنىڭ كۆيۈمى ئەسلا .
بۇندا يوق مۇڭداشقا كۆڭۈل ئىزھارى،
بۇندا ئاھ! گۈلمۇ يوق،
يارمۇ يوق، ئەستا!

بۇندا بار يۇلغۇنلار چىچەكلەپ تۇرغان،
سورايدۇ ھالىمنى مۇڭلۇق شىلدىرلاپ .
بۇندا بار توغراقلار شاخلىرى قاقشال،
ياپرىقى ئۈستۈمگە چۈشەر پىلدىرلاپ .

يۇگرىدۇ سۇر توشقان قۇلاق يوپۇرۇپ،
سەزگەندە ئۇ شەپە، قاچار كەينىگە .
تىلغاپ دان چىچىلغان ئىتىز باغرىنى،
قاۋانلار كېچىسى چىقار سەيلىگە .

تۈن بويى ۋەھىمە تارقىتار ھۇۋقۇش،
كۈندۈزى ئۇچىشار قاغا، قۇزغۇن، سار .
ئاخشىمى ئاپەتنى چىللايدۇ شۇم قۇش،
قارلىغاچ ئېيتىدۇ ناخشىنى سەھەر .

چۈمۈلە ئۇردىسى — توغراق تۈۋىدە،
ئىشچان بۇ جانىۋار يىغىدۇ ئوزۇق .
مۇشۇ چاغ قەشقىرىم شۇ چۈمۈلىگە،
قارىسام ئويلىرىم سەن تامان بىر ئوق .

نەسىھەت سىلەرگە يۇرتداش، قېرىنداش،
بولماڭلار مەن كەبى تۆھمەتكە قۇربان!
قىلماڭلار، تۇزكورلۇق، ھەرگىز جىنايەت،
بوش قالسۇن ھاڭيادەك قاراڭغۇ زىندان!

چىقارغان مەلئۇنلار تەتۈر قۇيۇننى،
ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا چۈشەر .
ئايلانماس كەينىگە پەلەكنىڭ چاقى،
ئادالەت خەلقىغە نىجاتلىق بېرەر .

بۇ ئىلەك بەخش ئېتىپ ماڭا كۈچ ـ چىدام،
تاۋلايدۇ جىسمىمنى چەككەن رىيازەت .
تاپار بۇ ئىلەكتىن ۋىجدانىم ئارام،
ۋە لېكىن ئەلەمدە كۆڭلۈم بىتاقەت .

ئۆتتى شۇ ئارزۇدا نەچچە ياز ـ باھار،
قانچە رەت تۆكۈلدى سارغىيىپ ياپراق .
ئەي قەشقەر! جان يۇرتۇم سېنى سېغىنىپ،
يۈرىكىم گۈلخاندۇر، كۆزلىرىم بۇلاق .

3

جۇدۇنلۇق قىش تۈنى ئۆتمەكتە ھۇۋلاپ،
ھاۋادان ـ تۆشۈكتىن شۇۋىرغان ئۇرار .
ئاق قارغا تىكىلىپ قالغان كۆزۈمگە،
كۆرۈنۈپ شۇ ھېيتگاھ ماڭا گۈل سۇنار:

بۇ قەدىم ھۆر بازار مىسلى ئېرەمباغ،
يۈرۈيمەن قويىندا مەن قىلىپ سەيلە .
بىلەلمەي ھەيرەتتە بۇ دەم قايسى چاغ؟
تەمتىرەپ قالدىممەن قۇشتەك بەئەينى .

كېچىغۇ بۇ، دېسەم، يوپيورۇق ئەتراپ،
بۇ كۈندۈز ئوخشايدۇ، دېسەم، ئاي ئۈزەر .
گۈل كۆرۈپ ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسىدە،
بۇ كۆكلەم سەھرىكەن، دېسەم، قار چۈشەر .

يېچىلغان قوغۇنغا قاراپ ياز، دېسەم،
جۇۋىنغا ئورىنىپ يەيدۇ خېرىدار .

مەن كۆرۈپ سېۋەتتە ئانارنى شۇ تاپ،
ھە، كۈزكەن، دېسەم، ياق، ئېرىقتا مۇز بار .

تۆت پەسىل مۇھەييا بۇنداق خىسلەتلىك،
كېچىنى كۆرمىگەن ئىدىم ھېچ يەردە .
قوشۇلسا نە ئارمان قەشقەر بۇ تېنىم ـ
تۇتىيا تويىغا ـــ بىباھا زەرگە .

ئەسلەيمەن، بىدارمەن تۈن يېرىم بولدى،
قار چۈشۈپ ئاقاردى تۆمۈر پەنجىرە .
جان قەشقەر بۇ كۆڭلۈم ئىلھامغا تولدى،
كۈندۈزۈك يادىمغا چۈشەر كېچىدە:

يامغۇردىن كوچىغا كاسىپ ـ ھۈنەرۋەن،
ھەر دوقمۇش تىجارەت قايىنىمى گويا .
كۆزلىرىم ئۈلگۈرمەي قاراپ كېلىمەن،
قۇچىقلىك پىكىرلەر يايلىقى گويا .

«ياغ يەپ كەت!» دەپ توۋلار تونۇر بېشىدا،
قومۇرۇپ قىزارغان سامسىنى ناۋاي .
چاقىرار باققالمۇ «مېغىز چاينا!» دەپ،
تېگىرقاپ قالدىممەن، قايسىنى ئالاي؟

ئوتقاشتەك گىلەملەر مىسلى بىر گۈلشەن،
مەشۇت تور كەشتىلەر ـ يەلپۈنگەن چىمەن .
ئەجرىدىن بازارنى ئاۋات ئەيلىگەن ـــ
مېھرى ئوت، قولى گۈل قىزلىرىلك لەۋەن .

ئىپارخان ھۆسنى بار ئاي جامالىدا،
نۇزۇگۇم يۈرىكى قەلبىدە سوقار .

قوللىرى تەگكەندە دۇتار تارىغا،
قانداقمۇ ۋەسلىگە قىلماي جان نىسار؟

ئىشچان، مەرد يىگىتلەر كۆڭلۈم سىردىشى،
ھەمراھمەن ئۇلارغا رەستە، كوچاڭدا .
ئۆتىسمۇ ئەسىرلەر ئۆچمەس ئىش ئىزى،
بىشىدا گۈل دوپپا، ئاق بادام دوپپا .

توختىدىم مەن كېلىپ بىر ئىشىك ئالدىغا،
يۈرىكىم گۈپۈلدەپ ئۇرۇۋېلا كەتتى .
ئانامنىڭ مۇڭ - زارى، ئاتامنىڭ ئاھى،
ئىشتىلىپ دەرمانىم قۇرۇۋېلا كەتتى .

ئانا! دەپ توۋلىدىم، ئىشىكنى قاقتىم...،
ئاغرىپ بۇ قوللىرىم تۇردۇم مەن ئىرغىپ .
تۆمۈر پەنجىرىنى مەن مۇشتلاپتىمەن،
چۈشەكەپ خىيالچان ياشلىرىم سىرغىپ .

جان قەشقەر، ياشلىقىم ئۆتمەكتە چۆلدە،
بىر كۈندە ملىڭ قېتىم ئاھ سېنى ئويلاپ .
كۆرۈنۈپ كۆزۈمگە شۇنداق باياشات،
بىتاقەت قىلىسەن ھېسلىرىم قوزغاپ .

مۇشۇئان سەن قانداق ھالدا بولساڭمۇ،
مەن ئۈچۈن ئەزىزسەن، گۈزەلسەن ھامان .
قوغدار خەلق شۆھرىتىڭ ــ شەرەپ - شانىڭنى،
سەن مەڭگۈ ياشنايسەن بولۇپ ھۆر ماكان .

ئەنە تاڭ ئاتماقتا ئاقىرىپ ئاسمان،
كۆزۈمنى چاقىدۇ قارنىڭ جۇلاسى .

تۆككەن قان ـ تەرىمدىن چۆل بولار بوستان،
قاپلايدۇ تارىمنى بۇلبۇل ناۋاسى .


باغۋەن باغ ئىشكنى ئاچقاندەك سەھەر ،
ئاچ ماڭغا جان قەشقەر قۇچىقىڭنى ئاچ .
بارىمەن ھايالسىز ناخشامنى ئېيتىپ،
مېھرىڭنى ئۇستۇمگە چاچقۇ قىلىپ چاچ!

سادىغاڭ كېتەيمەن جانىجان قەشقەر!
تېگىشكۇم كەلمەيدۇ سېنى لوندونغا .
مەن مۇراد تاپاتتىم ئەي بەرنا شەھەر ،
ياشىسام غەرق بولۇپ قايىنام ـ دولقۇنغا...

× ×

ھاۋا رەڭ گۇمبەزنىڭ يانار چىراغى،
قالمايدۇ ئۇستۇڭدە زۇلمەتتىن ئەسەر .
قالمايدۇ ئارمانىم قەدىم شەرق باغى،
ئىجادىم ـ ئەجرىمگە سالساڭ خۇش نەزەر .

1969 ـ يىلى، شايار تارىم



# بۇ ئەمەس ئەسلىمە، بۇ سۆيگۈ، ھۆرمەت

— ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىمغا بېغىشلايمەن

1

بارمۇ سەن ھېلىمۇ ئەي قان رەڭ بىنا[1]
شاماللىق، يامغۇرلۇق باھارىم بېغى!؟
ئەسسالامۇئەلەيكۇم!
ئالدىم سەن تۇتقۇزغان قەلەمنى قولغا،
ياشلىقىم كۆڭلىدە سېغىنىپ سېنى.
ئەسلىمە بىلەن تولدۇم،
ئەللىك يىل بۇرۇنقى ساۋاقداش دوستلار،
چاقىرىپ ئەپ كەتتى يېنىغا مېنى...
بوسۇغاڭغا قەدەم قويدۇم.

2

كۇتۇۋالدىڭ غۇر - غۇر سەلكىنىڭ بىلەن،
توپا - چاڭ، غەم - خىيال باسقان يىگىتنى،
دەرسخاناڭدا تۇتتۇم جاي،
سەن سىلاپ ئۇچامنى قانتىڭ بىلەن.

ھەر تاڭدا ماڭا يار ئەتسەڭ ئۈمىدنى،
يازاتتىم تىنىم تاپماي.

---

① سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك قىزىل بىناسى كۆزدە تۇتۇلغان.

شۇ مەنغۇ ــ ئىزدىنىپ ياغدۇرغان سوئال -
باغرىڭدىن چولپانغا ئۇلاپ رىشتىنى،
بولدۇم تۇيغۇ - ھېسقا باي .

3

كۆكۈچ - ھال ئاسمانىنىڭ تىنىقى - تۇمان،
ئۈستۈڭگە ياپقاندا ئاق شايى پەردە،
كۆز ئاچاتتىم ھەر كۈنى،
مەشرىقتىن ئاسمانغا چىققاندا كۈن ــ
چاچقاندا نۇرنى روھلىنىپ شۇنچە،
كۆرەتتىم روشەن بۇنى:
بىر دانا يېشەتتى مۇنبەردە تۈگۈن،
تۆكۈپ بال شەربەتنى تەشنا قەلبلەرگە،
يېتەتتى كۆككە ئۈنى...

4

ئىدى ئالىي قەسىردىن ئىللىق دەرسخانام،
ئاق توزان توزۇسا ۋىجىك بەستىگە
سەزمەي سۆزلەر ئۈستازىم...
قوغلاشماي مەن ھەۋەس، تاماشا - ئارام،
يۈتەتتىم مىسرانى تولدۇرۇپ بەتكە .
ئىلھامىم كېلىپ دائىم،
ھەئە، بىر كىتابنى قىلسامەن تامام،
يەتكەندەك بولاتتىم جانان ۋەسلىگە،
قىز ئەمەستى ھەمراھىم .

## 5

«كاپىتان قىزى»[1] نى ئويلاپ ئۇخلسام،
چۈشەيتتىم ئەجەبا گۈزەل بىلا[2] نى .
ئىشقىم سەلدەك ئۇلغىيىپ،
ئاتىللا خان[3] بىلەن ئاتلىنىپ گاھىدا،
ياقىلاپ ماڭغاندا دوننى، ئىلبا[4]نى،
كېتەتتىممەن ئويغىنىپ .
گاھ چۈكسەم خىيالغا رۇسلان[5] سۇنۇپ جام،
كۆرسىتىپ قوياتتى بۇلبۇلگويانى[6]
ئالاتتىم قولغا قوندۇرۇپ .

## 6

گاھ كەپە ياسايتتىم روبىنزون كەبى[7]
دولقۇنلار ئۇرۇلغان سىرلىق ئارالدا
تىنچشاپ يىلان كۈيىنى .
گاھ ماڭسام ئەگىشىپ ۋەردان[8] قاسساپقا،
كۆرەتتىم ئۈز جۇۋان بىلەن مەي ئىچكەن

---

① «كاپىتان قىزى» — رۇس شائىرى پۇشكىننىڭ پوۋېستى.
② بىلا — رۇس يازغۇچىسى لېرمونتوفنىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» رومانىدىكى قىز پېرسوناژ.
③ ئاتىللاخان — شېكسپېرنىڭ «ئوتېللو» دىرامىسىدىكى باش قەھرىمان.
④ دون، ئىلبا — ياۋروپادىكى دەريالار .
⑤ رۇسلان — لېرمونتوفنىڭ «رۇسلان ۋە ليۇدمىلا» داستانىدىكى باش قەھرىمان.
⑥ بۇلبۇلگويا — لېرمونتوفنىڭ «رۇسلان ۋە ليۇدمىلا» داستانىدىكى بەخت ـ سائادەتكە سىمۋول قىلىنغان ئەپسانىۋى قۇش.
⑦ روبىنزون — ئەنگلىيە يازغۇچىسى دانىل دېفونىڭ «روبىنزون كىرۇزو» ناملىق رومانىدىكى باش قەھرىمان.
⑧ ۋەردان — «مىلىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكى قاسساپنىڭ نامى .

ئېيىقنىڭ ئۆڭكۈرىنى ...
ھېسلىرىم قوزغىلىپ ئوقۇغانسېرى،
تەپەككۇر قۇشلىرىم قاقاتتى قانات
بويلاپ ئاسمان گۈمبىزىنى .

7

سۆيگۈم ئوقياسىدا كەلكىنى ئەمەس،
كۆكتىكى يۇلتۇزنى ئېتىپ چۇشۇرۇپ
پۈشكىن بولغۇم كېلەتتى.
ھە شۇ چاغ بايروندىن[①] ئۆتۈپ كەتكىن، دەپ
قەدىردان ئۇستازىم شائىرلار شاھى —
نەۋائى دەرس بېرەتتى .
يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، ياپراق شىۋىرلاپ،
«ئۇخلىما، زوق ئال» دەپ ئىلھام پەرىسى،
دېرىزەمنى چېكەتتى .

8

تونۇتتى ئۆزۈمنى - ئۆزۈمگە ئۇيغۇر[②]،
«يىللارغا جاۋاب» تىن ئالدىم چىن ساۋاق،
ئېتىمنى تاغقا چاپتۇرۇپ،
نىمشېھىت غەزىلى بەخش ئېتىپ ھوزۇر،
«ئۆگىمەس ناخشا» غا سالدىم مەن قۇلاق،
زىيائى «رابىيە - سەئىدىن» دە ئىلھام قالدۇرۇپ،
ئاھ!... «قەشقەر كېچىسى»يامغۇرلۇق كېچە،

① بايرون — ئەنگلىيەنىڭ 19 - ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر شائىرى .
② ئۇيغۇر — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر .

ئۈيقۇمنى قاچۇرۇپ غەرق قىلدى ئويغا،
كۈن، ئايدا «ئىز» قالدۇرۇپ .

9

كۆز يۇمماي بىر شېئىر يېزىۋالسام مەن،
سۆيۈنۈپ كېتەتتىم شەھەر ئالغاندەك
يا، سالغاندەك ئىمارەت .
ھېس - تۇيغۇ، پىكرىمنى يۇتۇۋالسام مەن،
نازىنىن دىلدارنى سۆيۈۋالغاندەك .
بولاتتىم ئاھ! شۇ سائەت،
گاھى مەن ئۆزۈمچە كۈلۈپ كېتەتتىم،
گاھى ياش تۆكەتتىم، ئىچىپ - چېكەتتىم،
ئىدىم شۇنداق «ھاماقەت» .

10

تارتسا ئاق تانىسغا خۇمار كۆز لەۋەن،
تۇراتتىم ھاياجان قۇچۇپ دىلىمنى .
تۇتۇپ نازۇك بېلىنى،
يازاتتىم مەڭزىگە نىگاھىم بىلەن
سۆيگۈ داستانىنى پىرقىرىتىپ تېز —
ئوتلۇق يۇمران تېنىنى .
گاھى قىز قولىنى قويۇۋېتىپ تېز،
قاچۇرۇپ قويماي، دەپ چىقىپ كېتەتتىم
يارقىن تۇيغۇ - پىكرىنى ...

## 11

پەسللەر ئەركسى خسلەتلىك باھار،
گۈل ئېچىپ ئۆتەتتى باغرىنى، قەلبىمدىن
شامال بىلەن يەلپۈنۈپ .
ئەۋەتىپ بىرەتتى شىپالىق گۈلقەنت
كۆچەيسۇن ئوغلۇمنىڭ ئەقلى دەپ ئانام،
كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ .
گۈلۈگمۇ، پىكرىممۇ ئېچىلار ئىدى،
يامغۇرغا چۆمۈلۈپ تۇرغان بەستىمدىن،
قۇش بالىسىدەك تەلپۈنۈپ .

## 12

ئىللىق ياز قوغۇننىڭ ھىدى قاپلىغان،
سەيلىگە چىققىنىم ئېسىمدە ھېلى
مەشۇقۇم بىلەن ئاخشام؛
ئۇرۇمچى كوچىسى سايىدەك خىلۋەت،
ئۆچكەنتى ئۆيلەرنىڭ يۇلتۇز چىرىغى،
ياگرايتتى مېنىڭ ناخشام:
«نادانلىق دەشتىگە ياغدۇ كۈلپەت،
ئۆگىنىپ، ئىزدىنىپ ئاي، مارسقا چىقسام،
ئاھ، مەن ياشلىقتا قالسام...»

## 13

شۇ ئالتۇن كوكۈلىلىق جۇۋان — سەنغۇ كۇز،
يىگەنمەن ئالماگنى بۇغدا بويىدا،
يىگەنمەن قوزا گۆشى .

چوققىلار ئۈستىدە ئاپپاق قار، كۆك مۇز،
ئاستىدا خىيابان، ياپيېشىل سايلىق،
مەۋج ئۇرار كۆل سۈيى .
كۆرۈندى كۆزۈمگە قانات كەرگەن توز،
نە توزكى، ئۇز دىيار ـ زۇمرەت باراڭلىق،
ئۇرغۇپ يۈرىكىم كۈيى .

14

ياغقاندا ئۈستۈڭگە ئاسماندىن چېچەك،
ئاقىرىپ كېتەتتى پېشايۋان، هويلاڭ
قوزغاپ هەۋەس دىلىمدا .
يۈز ئېچىپ سامادا گۈزەل كېلىنچەك،
شەرەتلەپ بۇلۇتلار ئۆززە سۇمبۇل چاچ،
جان قوشاتتى جىنىمغا...
قار كېچىپ يۈگۈرۈپ يىقىلىپ چۈشسەم
«كەتتىمۇ ئاغرىپ» دەپ سورىغانىدىڭ،
يەر ئاستىدىن قىلىپ ندا...

15

يۇلتۇزلار ئىچىدە چولپان مۇنەۋۋەر،
قەلەم قاشلار ئارا سۆيگىنىم ـ لەۋەن .
بىر يىگىت ئىدىم شۇنداق،
قەلەمنى دوست تۇتقان، بىلىمگە دىلبەر،
بۇلبۇل ۋە ئاھۇنىڭ دەردىنى بىلگەن،
ئۆرتىگەن ئىشقى پىراق،
مەن كۆڭۈل بەرمىدىم نازغا، رەڭۋازغا،
لەۋ تەمشىپ، كۆڭلىدە باشقا ئويلىغان،
يارىم بولالماس هەرۋاق!

## 16

ئەزگۈ ھېس ـ تۇيغۇلار تامغان كۆزۈمدىن،
كوئېنلون باغرىغا ـ تارىمغا باقسام،
كۆرۈنەر دېھقان دادام،
مۇدۈرۈپ يىقىلار ھاڭراپ ئېشكى،
ھاسىراپ، قاغجىراپ تاپالماي ئارام،
تۇۋلار: «قايدىسەن بالام؟...»
قونغاندا ئاي، مارسقا ئالەم كېمىسى .
ياشلىرىم بۇلۇتتا ياساپ زور قاينام
ئاققانتى تارام ـ تارام .

## 17

يادىمدا قىزبىنتى مۇنازىرىلەر،
ئېچىلىپ بىر ئىشىك سىرلىق ئالەمدىن .
— بارمۇ شەھەر يۇلتۇزدا؟
— نېمىشقا قىزلارغا قېرىلىق يېتەر؟
— قۇتۇلماس ئەل نېچۈن ھازا ـ ماتەمدىن؟
— نېچۈن قار ياغماس تومۇزدا؟
چۆكەتتۇق خىيالغا ئىزدەپ بىز جاۋاب،
بىردەمدە ئايلىنىپ ئالەمنى ئەركىن...
قوناتتۇق يەنە شاخقا .

## 18

تاماق يەپ يىغلساق مەيدانغا توپ ـ توپ،
ئەۋجگە چىقاتتى چاقچاق ـ كۇلكىلەر،

ياشلىق چۇقان كۆتۈرۈپ...
چىرايلىق كېيىنگەن ساۋاقداشلىرىم،
ھېلىمۇ سىلەردىن دىلىم سۇ ئىچەر،
خازان بېغىم كۆكىرىپ .
ھېلىمۇ كۆرگەندە ئۇستازىم ـ پىرىم
يازغۇچى، ئالىمنى، شائىر، دوختۇرنى...
كېتەر دىلىم سۆيۈنۈپ .

19

ئىمتىھان چاغلىرى — جەڭ ۋاقتى ھەيھات!
ئۆرلەيتتى توپ ئەمەس، چېكە تومۇرۇم،
ئىزدەپ جاۋاب كۆزلىرىم .
قالاتتى نەپرەتكە چەككەنلەر پەرياد،
قىياغا ئات سېلىپ، قامچامنى شىلتىپ .
تۆكۈلمىگەن يۇزلىرىم .
تەكتى يوق ھاڭلاردىن، كېرىپ مەن قانات،
قاپقانلار قۇرۇلغان داۋاندىن ئۆتتۈم،
ئۆتتۈم، سىناقتىن ئۆتتۈم .

20

قايسى دەپ سورىساڭ ئەڭ كۆڭۈللۈك دەم؟
نەتىجە چىققان چاغ غۇلىچىم يېيىپ،
بېرىپ ئەلا ئىمتىھان .
شۇدۇر ئەڭ كۆڭۈلسىز، دەردلىك كۈنمۇ ھەم،
ئىمتىھان بېرەلمەي قالغان مۇكچىيىپ،
ئۇرۇپ ئاھ، تېشىپ يىغان .

كۆز ئېچىپ يول ئۆزرە قوياركەن قەدەم،
بۇ دۇنيا ھەركىمگە قويىدۇ سوئال،
ئالار جاۋاب ھەرقاچان .

21

باقتىڭسەن ئايانماي، قىلدىڭ ئۇچۇرما،
ئۆرلەشنى، چۈشۈشنى ئۆگەتتىڭ شۇنداق
شامۇسەھەر يەم بېرىپ .
ئەي پەرۋىش قىلغۇچۇم سەن بولدۇڭ شوتا،
ئاي ـ كۈنگە قويۇلغان بۈيۈك مەنچاناق،
قويسەن كۆككە چىقىرىپ .
سەكرىسەك دولقۇنغا، كۆيسەك يالقۇندا،
بىزگىمۇ ئاچىدۇ ئاي چولپان قۇچاق
مېھرىڭ نۇردەك چېچىلىپ .

22

ۋاھ، ئەلۋەك قۇچىقىڭ ــ ئانام قۇچىقى،
ئېتىلغان سۆيگۈمنىڭ فونتانى ئۇندا،
چېچىپ گۈلۈڭگە شەبنەم .
چىدالماي ئۈزۈلگەن باغرىم بېغىشى،
بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن مەسۇم بوۋاقتا
ھازا تۇتۇپ ئاشۇ دەم .
كەلگەن زىلزىلىگە بۇغدا، خانتەڭرى،
ئاھ چېكىپ، ھال ئېيتىپ ئايغا، قۇياشقا،
يىغلاپ قەلەم تەۋرەتسەم .

23

پەن ـ بىلىم قەسرىنىڭ ئاشۇ يوپيورۇق،
ئاق دېرىزىسىنى چېكىپ شۇئىرغان
قەلبىم مۇزلىغان چاغدا،
پېشكەللىك كەلدىغۇ، قىلچە گۇناھ يوق،
باغ ئەمەس، ماكانىم بولدى زەي ئورا،
قالدىم ئەلەمدە ـ داغدا .
يىگىرمە يىل يۇرۇپ دەشتلەر ئارا،
سېغىندىم ئانامنى، سېنى جانىجان،
تەر تۆكۈپ گاھى تاغدا .

24

ئەي بۇركۇت ئۇۋىسى! بۇلبۇل ئۇۋىسى،
ئەي شېرىن مېۋىسى تۆگىمەس گۈل باغ!
كۆردۈم يەنە سېنى .
چاچلىرى ئاقارغان، پۈكۈلگەن قەددى،
سۆيۈملۈك ئۇستازىم ئىسسىتتى كۆندەك
قۇچاقلاپ قايتا مېنى .
گويا سەن كەلتۈرۈپ بەردىڭ ئالدىمغا .
جەسۇر ياشلىقىمنى دەشتلەردە قالغان،
ياشاردى شائىرلىق جېنى .

25

دېرىزە، كۆزنەككە سىزغان زىمىستان ـ
سۈرەتنى سىزالماس بوياقتا رەسسام،
بولسىمۇ ماھىر ـ جېۋەر .

نوتىغا، غۇنچىغا بەرگەننى باغۋەن،
بىرەلمەس سېخىيلار، بىرەلمەس سۇلتان،
بىرەلمەس زەردار سودىگەر،
بىلگىنكى، كېرىمى ئېشىنغان پۇلى،
ماشىنا، راھىتى يوق ئاشۇ غەمگۇزار
ھەممىدىنمۇ مۆتىۋەر .

1996 ـ يىلى 1 ـ ئاي، قەشقەر



# دوستۇمنىڭ ئۆلۈمى

1

دوستۇم ئالدىدا يايغان قوش قانات،
گويا تاۋۇستەك گۈزەل مەنزىرە...
ياتار كۆز سىلىپ ئۇ تېخى هايات،
ياتار ئورنىنىپ كونا جەندىگە .

ئۇنى قىينايدۇ ئاغرىق ئازابى،
زەئىپ كۆكسگە سانجىپ نەشتىرىن .
تۈگۈلۈكتىن كۆككە ئۆرلەيدۇ ئاهى،
كۆزى ئېلىشىپ چۆرگۈلەر زېمىن .

رۇسلىنىپ بىردىن ياتتى بۇ يىگىت،
چېھرى سەبدەردەك سارغىيىپ كەتتى .
«ياش ئىدىڭ بالام، نىتەي، ئاھ، ئىست!...»
دەپ يىغلاپ ئانا هوشىدىن كەتتى ..

بىردىن كۆزىنى ئاچتى ئۇ يىگىت،
يۇگۈرۈپ قىزىللىق يۈزىگە سەل ـ پەل،
«ئانا!» دېدى ئۇ هالسىز ئۈن بىلەن،
يۈرىكى گۈپ ـ گۈپ ئۇرۇپ شۇ مەھەل .

«ۋاي مېنىڭ بالام تىرىك ئىكەن» دەپ،
ئانا ئۆزىگە كەلدى شۇ هامان .
سۇردى يۈزىنى، يىغلاپ ئوغلىنىڭ
پېشانىسىغا تەر چىقىپ تۇرغان .

ئانا مەڭزىگە ئاستا قولىنى
يىگىت ئۇزارتىپ سۇرتتى يېشىنى .
بىر ئاز كۆتۈرۈپ يەنە لەسسىدە،
تەكىيىگە قويدى قايغان بېشىنى .

ئانىمۇ چاچراپ تۇردى ئورنىدىن،
نان ئېلىپ كىردى بىر داستىخاندا .
نانىنى بېشىدىن ئۆرۈپ ئوغلىنىڭ،
دېدى: «ئەجەلنى قايتۇر ئىلاھە!...»

مېھرى دولقۇنلاپ دەردلىك كۆكسىدە،
يوغان ئېچىلدى دوستۇم كۆزلىرى .
ئالدىدا پارلاپ گۈزەل مەنزىرە،
كۆڭلىنى ئىزھار قىلىپ سۆزلىدى:

«ئۇرمىغىن پەرياد، يىغلىما ئانا،
ئاھ، قىلالمىدىم مەن ئىززىتىڭنى .
قەرز بولۇپ ئەجرىڭ قالاتتى يانا،
قىلسام ھېسابسىز ھەق خىزمىتىڭنى .

چوڭ قىلدىڭ مېنى سەن چېكىپ ئازاب،
چۈشمەي ئۆشنەڭدىن رودۇپاي تاغار .
سېنى كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇراي دەپ،
بولغانىدىم مەن بىلىمگە خۇشتار .

لېكىن، ئانىجان قۇتراپ جايانلار،
بىلىم ئەھلىنى باستى پالاكەت .
داۋانلار ئاشقان ئىككى پۇتۇمغا،
چۈشتى توسۇقلار، تارتتىم رىيازەت .

ئانا، ئۇمىدىم ئۈزۈلگىنى يوق،
سائادەت قۇشى قونار بېشىڭغا .
مۇپتىلا قىلدى تېنىمنى زىندان،
ئاھ، بۇ كېسەلگە — زامىن جېنىمغا .

ئانا، ياشاشنى ئىستەيمەن شۇنچە،
قانداقمۇ ئوغلۇڭ ئايرىلسۇن سەندىن .
ئانا، جان ئانا!
رازى بول مەندىن .»

پەسلەپ ئاۋازى، ياشلىرى سىرغىپ،
ئانا بويىنغا سالدى ئۇ گىرە:
«ياق، مەن ساقىيىپ قالمەن ئانا،
خۇشال ئولتۇرغىن زادى غەم يېمە...»

ئۆتەر مىنۇتلار، سائەتلەر ئاستا،
ئۆتەر كۈندۈز - تۈن بەكمۇ ئۈزىراپ .
دوستۇم ياتىدۇ ئانا چېھرىگە
تەلمۈرۈپ قاراپ، ئوڭدا سوزۇلۇپ .

يادىدىن كەچكەن ئىشلار كۆزىگە
كۆرۈنۈپ، ياشاش ئىشقى كۈچىيەر .
ئەنە ئۇستازى سۆزلەر مۇنبەردە،
دوستۇم مۇشۇ ئان زوقلىنىپ ئىشتەر .

ئەنە دوستلىرى، ساۋاقداشلىرى،
تەكرارلايدۇ دەرس گۈلزار ئىچىدە .
سۆزلەۋاتقاندەك ھېس قىلىپ ياتار،
ئۆزىنى گويا ئۇلار ئىچىدە .

ئەنە ھەيۋەتلىك خانتەڭرى تېغى،
ئۇ ئېنىق كۆرەر قارلىق چوققىنى .
ئەنە داۋالغۇپ كۆك بۇغدا كۆلى،
تۇرار قىرغاقتا چىللاپ سۆيگىنى .

ئەنە ئولتۇرار دەريا بويىدا،
تىڭشاپ ئېقىننىڭ شاۋقۇنلىرىنى .
يازار ئۇ داستان، شېئىر مۇشۇ دەم،
باسالماي يۈرەك يالقۇنلىرىنى .

ئۆتىدۇ ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىن،
يېشىل دالالار — مول ھوسۇل كانى .
ئويۇن - تاماشا، سەيلە قىزىغان،
ئانا ۋەتەننىڭ باغۇبوستانى...

چۆچۈپ، ئۇ جۆيلۈپ چاقىرار شۇندا،
دوستلار ئېتىنى، ئۇستاز نامىنى...
ئورنىدىن ئىتتىك قوپۇپ چاقىرار،
قاراپ ئىشىككە سۆيگەن يارىنى .

«بالام، جان بالام، بىئارام بولما!»
دەيدۇ تەسلىكتە ئۇنى ياتقۇزۇپ .
ئوغلۇم ساقىيىپ قالارمىكىن دەپ،
سەدىقە قىلار ئانا ئاھ ئۇرۇپ ...

2

سىل ئىدى دوستۇم رەڭگى زەپىران،
تارتتى بۇ كېسەل دەردىنى ئون يىل .
دورا - دەرمەكلەر بولمىدى شىپا،
ئىستەر ياشاشنى ئۇ بەجانىدىل .

بىر كۆزلۈك مەخلۇق قارا قولىنى
سوزۇپ ئۇنىڭغا سالىدۇ چاڭگال .
قاچۇرۇپ بىمار دوستۇم ئۆزىنى،
تاشلىنىپ يانغا ئىڭرايدۇ شۇ هال .

ياكى بىر دىۋە چۈشۈپ تۈگۈلۈكتىن،
كەلسە گۈرزىنى تەڭلەپ ئۇنىڭغا؛
تۇرۇپ كېتىدۇ تولغىنىپ بىردىن،
تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شۇنىڭغا .

پەيدا بولۇپ بىر جادۇگەر موماي،
خەۋەر بەرگەندە «شېرىن ئۆلدى» دەپ؛
دوستۇم ئۆزىنى شۇ چاغ تۇتالماي،
پەرياد چېكىدۇ «ئاھ!...» دەپ ئۆندەرەپ .

گاهى مەي سۇنۇپ هۆر ـ غىلمانلار،
يېتىپ كېتىدۇ كۆز يۇمۇپ مەستخۇش .
ئاۋۋال قىزىرىپ، سارغىيىپ ئاندىن،
تاتىرىپ چېھرى بولىدۇ بىھوش .

خىلمۇخىل تۈستە كۆرۈنۈپ ئۆلۈم،
ئۇنى بىئارام قىلاتتى شۇنداق .
ئەجەل ئاتلىق شۇم ياۋۇز ياۋ بىلەن،
جەڭ قىلىپ دائىم ياتاتتى شۇنداق .

هالسىراپ قالغاندى ۋۇجۇدى،
كۆز نۇرى ئۆچۈپ سوغۇق چېھرىدە .
ياشاش ئۈمىدى، ئەركى، غۇرۇرى،
قالغانتى پەقەت ئۇنىڭ مېھرىدە .

*　　*

تۇغۇلۇپ ئۆلمەس كىشى بارمىكىن؟
ئويلا! سەن سېلىپ دۇنياغا نەزەر .
پەيغەمبەر، ۋەلى، پادىشاھ، ئالىم،
ياشاۋەرمەيدۇ ئاخىر جان بېرەر .

«بۇ ياش، بۇ قېرى، بۇ پاك، گۈزەل» دەپ،
ئايرىماس ئۆلۈم، باقماس ھالىغا .
گادايمۇ، بايمۇ تاپشۇرار جاننى،
ئۆلار باراۋەر ئۆلۈم ئالدىدا!

ئېھتىمال شۇ دەم قانچە شاھ ـ ۋەزىر،
يۈزلەپ مەنسەپدار، مىڭلىغان پۇقرا!
دوستۇمدەك ئاغرىپ ياتقاندۇ ئىڭراپ،
ئامالسىز، ھالسىز تەلمۈرۈپ ئوڭدا .

ئېھتىمال بىرى قىلىدۇ پۇشمان،
ئەلگە نەپ بەرمەي ئۆتكەنلىكىگە .
بىرى جان تىكىپ بولۇپ ھۆكۈمران،
ۋەھشىيانە قان تۆككەنلىكىگە .

ئېھتىمال بىرى تۆۋەنگە باقماي،
دائىم ئېگىزگە قاراپ يامىشىپ .
يىقىلغىنىدا ياتقاندۇ بىر كۈن،
جاھان تالىشىپ، جانمۇ تالىشىپ!

ئېھتىمال بىرى قېلىپ غەپلەتتە،
پەخىرلەنگەندۇ ئورۇن، نامىدىن؛
كۈتمىگەن چاغدا دۈچ كېلىپ دەردكە،
بىمار بولغاندۇ كېتىپ ھالىدىن؟

ئېھتىمال بىرى ئۆزىدىن باشقا،
كىشىنى ئادەم سانىماي ياشاپ؛
خورلىنىپ ئىتتەك ھالغا قالغاندا،
پۇشمان يېگەندۇ قولىنى قاساپ؟

ئېھتىمال بىرى چېقىپ چاياندەك،
ئاغرىتىپ سەپداش، يۇرتداش كۆڭلىنى؛
ياتقاندۇ رەڭگى بولۇپ ساماندەك،
قاقشاپ ئاغرىقتىن، چىقماي شۇم جېنى .

ئېھتىمال بىرى ياخشىنى قەستلەپ،
ئەلدىن يوشۇرۇن قىلىپ خۇنخورلۇق؛
ياتقاندۇ ئەلھال تىننى پەسلەپ،
قىساس قولىدا گېلى بوغۇقلۇق .

ئېھتىمال بىرى يېقىن دوستىنى،
كۆرەلمەي ھەسەت قىلىپ كەينىدىن؛
ئىچىگە زەرداب تولغاندۇ راسا،
تەن بەرمەي ھامان، يانماي پەيلىدىن .

بىرى سۈت بەرگەن ئانا زارىغا،
باقماي، ھالىدىن ئالماي خەۋەر ھەم؛
بىرى نارىزا ئاتا ئاھىغا،
يەتمەي يىقىلىپ ياتقاندۇ شۇ دەم...

باركى، ھەممىدىن يامان بىر كېسەل،
تېپىلماي كەلدى ئۇنىڭغا دورا .
قەست قىلىپ تىنماس ئۇ كېچە ـ كۈندۈز،
بىراۋغا كولاپ خەندەك ۋە ئورا .

باركى بىر كېسەل خۇددى ئۇ ئاپەت،
ئەل بىزار بولغان نامى كۆيدۇرگە .
بۇنداق كېسەلمەن نەپرەتكە دۇچار،
ئۆلىدۇ كەلمەي تىلىمۇ سۆزگە .

باردۇر دوستۇمدەك كېسەل ئالەمدە،
ئۆلۈمنى پسەنت قىلمىغان هوشيار .
هاياتنى سۆيگەن بۇنداق ئادەمگە،
يەرۇكۆك دائىم ئەمەسمۇ خۇشتار؟

ئۆز تېنى بىلەن ۋەتەندىشىنى،
ياۋنىڭ ئوقىدىن ساقلىغان باتۇر؛
يەردە قويماي خەلق ئىشەنچىسىنى،
قورقماي ئۆلۈمدىن ئاقلىغان باتۇر:

تالاي ئىنسانلار ياشىغان، ئۆتكەن،
بىر ـ بىرىگە بولۇپ يار ـ يۆلەك .
باسار ئەۋلادلار ئەجداد ئىزىنى...
باقساڭ جاهاننىڭ قوينى بىر كۆرەك .

دۇنيادا كېسەل بولۇپ ياتقانلار،
هېسابسىز ئەمەس، بەك ئازمۇ ئەمەس .
ئۆز تېنىدىكى قاننى ساتقانلار،
چارىسىز قىلار ياشاشقا هەۋەس...

*　　　*

دوستۇم ئالدىدا گۈزەل مەنزىرە،
ئىنتىلىپ ئاڭا كۆز سىلىپ ياتار .
سايرايدۇ بۇلبۇل گۈلنىڭ بەرگىدە،
قاي تامان باقسا شۇ ياندا باهار .

قارلىق چوققىدىن دۇر چېچىپ چۈشەر،
ھەيۋەتلىك ئېقىن بولۇپ شاقىرام،
پايانسىز دالا زەرگە پۈركىنەر...
دوستۇم تەلمۈرۈپ بولۇر بىئارام.

3

دوستۇم ياشاشنى ئىستەيدۇ ھامان،
ئانا يۇرتىدىن ئۈزەلمەي مېھىر.
تىكىلىپ كۆزى سولغۇن دالاغا،
ھېسقا چۆمۈلۈپ قىلاتتى پىكىر:

«تۇغۇلغان چاغدا شاھمۇ، گادايمۇ،
يالىڭاچ چۈشەر يەرگە ـ تۇپراققا.
نۇر سېپەر پەرقسىز قۇياشمۇ، ئايمۇ،
دۇنياغا كەلگەن سانسىز بوۋاققا.

بىرى چوڭ بولۇر ئەتىۋار ئەزىز،
بىرى جاپادا خارلىنىپ ئۆسەر.
‹ئەلگە نەپ› بىرىش تارازا ـ ئۆلچەم،
ياخشى ـ يامىنى ئاندىن بىلىنەر.

شاھ ئەمەس ئاتام ياكى كاتتا باي،
مەلىكە ئەمەس غەمگۇزار ئانام.
يەر، سۇ، مۈلۈككە بولغاچ مەن گاداي،
يەتمەس ئالتۇنغا قولنى ئۇزارتسام.

سالالمىدىممەن چۆلدە بىر ئۆتەڭ،
يولۇچى چۈشۈپ ھاردۇق ئالغۇدەك.
سالالمىدىممەن دەرياغا كۆۋرۈك،
ئەلنىڭ ئاغزىدا نامىم قالغۇدەك.

يا قىلالمىدىم يۇرتۇمدا بەرپا،
بىر بىلىم يۇرتى ـــ دىلدار نىجاتكار.
يا قۇرالمىدىم بىر باسمىخانا،
مەنىۇن بولغۇدەك خۇشتار ئىجادكار.

ئارزۇيۇمدىكىدەك بىر ئىش قىلالماي،
ئەلنىڭ غېمىنى يېدىم، كۆيلىدىم.
ئەل غېمى بىلەن كارى يوق مەككار،
تاش يۈرەكلەرنى قارغاپ سۆزلىدىم.

بۇنىڭدىن بۆلەك يوقتۇر گۇناھىم،
ناھەقتىن تۆھمەت چاپلىدى مەلئۇن.
ھەقنى ھەق دېيىش مېنىڭ شوئارىم،
دېدىم مەن شۇڭا قۇزغۇننى قۇزغۇن.

چايانني چايان دېدىم، چېقىشتىن،
قورقۇپ ياچۇەك دېمىدىم ھېلى.
جىغاننى مەن گۈل دېمىدىم، لېكىن،
سانجىلدى قولغا گۈلنىڭ تىكىنى!

بۆرىنى ـ بۆرە، تۈلكىنى ـ تۈلكە،
دېدىم قويلارغا مەن بېرىپ شەپە.
قىلماي خۇشامەت، زالىم ياۋۇزغا،
ياشىدىم ھالال چۆمۈلۈپ تەرگە.

كۆرسەتمەيدۇ بۇ نادانلىقىمنى،
بىلگەنلىكىمدىن بېرىدۇ دېرەك،
شۇڭا سوقىدۇ يۇرت، ۋەتەن ئۈچۈن،
تىنماي گۈپۈلدەپ تېنىمدىكى يۈرەك!

چىلبۆرە بىردىن چىشلىدى قاساپ،
زەخىم يەپ قاتتىق بولدۇممەن كېسەل .
ئۆكۈنۈش يوقتۇر قىلغان ئىشىمدىن،
ئېيتقان سۆزۈمدىن رازىمەن تۈگەل .

گۈزەل ۋەتەننىڭ ساپ ھاۋاسىدىن،
دەم ئالغىنىمغا لايىق ياشىدىم .
غەيرىي مەقسەتتە تىكىلگەن كۆزگە،
غەم ـ ئەندىشىسىز كۈلۈپ قارىدىم .

گۈلنىڭ تىكىنى، ئاينىڭ دېغى بار...
راستنى سۆزلەشتىن قورقۇش جىنايەت .
خۇشامەتچىلەر ئاقنى «قارا» دەپ،
بولۇپ كۆيدۈرگە قىلار خىيانەت .

بەردى يىللار بۇ ئاچچىق ساۋاقنى،
تەخسكەشلەرنىڭ خىسلىتى قۇللۇق .
كىشى قولىدا تۇرغان تاۋاقنى،
چېقىپ توختىماي قىلىدۇ شۇملۇق .

نېسىپ بولمىدى قاتنىشىش جەڭگە،
مەيلىدى ئۆلسەم باتۇر ئاتىلىپ .
قوشالمىدىم مەن ئېلىمگە تۆھپە،
ئىجادكار دانا، ئالىم سانىلىپ .

تېخى ھەۋەسكار ئوقۇغۇچىمەن...
كېلىپ دۇنياغا نە لەززەت كۆردۈم؟
قەھرىمان، مەردلەر بېشىدىن ئۆتكەن،
كەچۈرمىشلەردىن خالىي بۇ ئۆمرۈم .

قىلمىغاچ ئەلگە شۇملۇق، يامانلىق،
ۋىجدان ئازابى تارتماي ئۆلمەمەن.
خەلق غېمىنى يەپ ئاشقان داۋاندىن،
ئەۋلاد قەلبىدە ئۆمۈر سۈرىمەن...»

دوستۇم كۆڭلىدىن كېچىپ شۇ ئويلار،
ئېغىر تىنىدۇ كۆكسى دولقۇنلاپ.
ياندۇرۇپ ئوتتەك ئۇنى قىزىتما،
گويا ۋۇجۇدى كۆيەر يالقۇنلاپ.

ۋەھىمە سالار دوستۇمغا ئۆلۈم...
دوستۇم جەڭ قىلار شۇم ئەجەل بىلەن.
ئويچان بېشىغا، ئوتلۇق كۆكسىگە،
سانجىلار ئاغرىق بولۇپ مىخ، تىكەن...

4

تاڭ ئاتتى، يەنە چىللىدى خوراز،
كۆز ئاچتى دوستۇم «سۇ!» دەپ ئىنجىقلاپ.
ئانا ئىچۈردى پىيالىدە سۇ،
دوستۇم «ئۇھ!» دېدى ئۇچ قېتىم ئوتلاپ.

دوستۇم دېگەندە: «تۈزۈلۈپ قالدىم...
كۆك چۆچۈرىسى ئېتىپ بەرگىنە...»
«ماقۇل جان بالام» دېدى ئانىسى،
ئۈمىد چىرىغى يېنىپ قەلبىدە.

بىراق كۆز سېلىپ دېرىزىدىن ئۇ،
قاقشال دەرەخنى كۆرۈپ توختىدى.
«نەدە كۆك بولسۇن كەچ كۈز پەيتىدە...»
قاراپ مۇڭلىنىپ ئانا ئويلىدى.

«يۆلگەن ئانا ئالدىغا چىقاي،
دوستلىرىم كەلدى!
دوستلىرىم كەلدى!»
دوستۇم تايىنىپ ئىككى قولىغا،
سەل كۆتۈرۈپ ھوشىدىن كەتتى .

* *

ھەم چىچەن ئەمچى، ھەم غەمخور ئانا،
ھەم مەسلىھەتچى، تىنىماس خىزمەتكار .
بولۇپ ئوغلىغا دائىم باشپاناھ،
كەتمەي بىشىدىن بۇ ئايال باقار .

دوختۇرخانىغا، دوختۇر ئالدىغا،
نېچۈن كېسەلنى ئۇ ئېلىپ بارماس؟
(كۆرۈنۈشكە يېنىدا پۇلى بولمىسا،
بىرىنشقا ھېچ جۈرئىتى بولماس...)

بىچارە ئانا شۇ سەۋەب بىلەن،
قىلار خۇداغا يىغلاپ ئىلتىجا .
ئاغرىپ بىمەھەل، بىئەجەل كەتكەن،
قەدىردان ئېرى چۈشۈپ يادىغا .

شۇئان يۈرىكى بولۇپ لەختە قان،
ئوغلى كۆكسىگە قويىدى بېشىنى .
«سەن مېنى يالغۇز قويۇپ كەتمىگىن...»
دەپ نادامەتتە تۆكتى يېشىنى .

ئانا تىنىقى ياكى يېشىمۇ،
ئۇنى دەرمانغا كىرگۈزگەن شۇ تاپ؟

دوستۇم ھوشىغا كەلدى ۋە يانا،
كۆلۈمسىرىدى تەلمۈرۈپ قاراپ .

بىر ئانىسىدىن باشقا يېنىدا،
قېرىندىشى يوق، جان كۆيەرى يوق؛
دوستۇم ياشاشقا ئىنتىلىپ ھامان،
ياتار تىكىلگەن كۆزلىرى ئوچۇق .

كۆرۈنەر ئاشۇ گۈزەل مەنزىرە ...
ئانىسى ئەجەب كۈلەر ئالدىدا .
تۆلپارغا مىنگەن يارى ئاسماندىن،
گۈل سۇنۇپ ئۇچۇپ چۈشتى ئالدىغا .

دوستۇمنىڭ تويى بولامدۇ شۇ تاپ؟
كىرمەكتە بىر ـ بىر دوستلار ئىشىكتىن .
ھويلىغا، ئۆيگە تولدى كىشلەر،
كۈتەر مېھمانىنى ئاتىسى تەمكىن...

دوستۇم ئورنىدىن تۇراي، دەر ئەمما،
كۆتۈرەلمەيدۇ ئېغىر جىسمىنى .
كىمنىدۇر كۈتەر، كىمنىدۇر ئىزدەر،
چاقىرالمايدۇ ئاتاپ ئىسمىنى .

دوستۇم ئاغزىنى تەمشىپ، ئۆمەللەپ،
گەپ قىلاي دېسە چىقمايدۇ ئۈنى .
چاڭگال سالدىمۇ رەھىمسىز ئۆلۈم،
بوغۇلدى بىردىن ئۇنىڭ ھەلقۇمى .

ئانا ئۆزىنى ئاتتى ئوغلىغا،
پېشانىسىغا ياقتى لېۋىنى .

تىكىلىپ قالدى دوستۇم تورۇسقا،
چىشى كىرىشىپ تىزلەپ تىنىقى .

كۆكسى دولقۇنلاپ ئەزىم دەريادەك،
لېۋى كۆكىرۇپ، ئاقاردى يۈزى .
چىشلىرى ئاجراپ، ئاغزى ئېچىلىپ،
توختىدى ئاخىر ئوتلۇق يۈرىكى .

ئاسماندىن نامسىز بىر يۇلتۇز ئاقتى،
شاختىن ئۈزۈلۈپ چۈشتى بىر ئالما .
مۇشۇ ئان يامغۇر تاراسلاپ ياغدى،
ئانا ئاھ ئۇرۇپ دېدى: «ۋاي ئاللا!

ئەمدى تاغ كەبى يار ـ يۆلەك بولۇپ،
ئەزىزلەر مېنى كىممۇ ئانام، دەپ؟
ئەمدى ئۈمىدتىن بۇ كۆڭلۈم يورۇپ،
مەن سۆيۈنىمەن كىمنى بالام، دەپ؟

ئىسسىت جان بالام، مادارىم بالام،
قۇتقۇزالمىدىم ئۆلۈمدىن سېنى .
ئارماندا ـ داغدا، قويۇپ كەتتىڭ سەن،
پىراق ئوتىداياندۇرۇپ مېنى...»

ئۆي ئىچى توشتى زارغا ـ ھەسرەتكە،
يىغلىدى ئاسمان تۇتۇپ قارىلىق .
كەتتى ئەبەدىي دوستۇم لەھەتكە،
داۋا تاپالماي تارتىپ خاپىلىق .

مۇدھىش شۇ ئۆلۈم مۇزلىتىپ تەننى،
قورقساتمۇ كىلەر، قورقمىساڭمۇ ھەم .

ئەل غېمىنى يەپ ياشا ئەجىر قىل،
يېمەي ئارتۇقچە ئۆلۈشتىن سەن غەم .

*　　*

مەن ئوغۇل بولدۇم ئەزىز ئانىغا،
جېنىمدەك ئاسراپ ئىززەت قىلىمەن .
ئانىنىڭ كۆزى دائىم بالىدا،
بەل باغلاپ هارماي خىزمەت قىلىمەن .

دوستۇم، تىنچ ياتقىن، ئىزىڭنى باستىم،
يېتىپ مەن بۈگۈن يارنىڭ ۋەسلىگە .
ماڭا يۈز ئاچتى،
ئۆلۈم ئالدىدا
ساڭا كۆرۈنگەن گۈزەل مەنزىرە .

سۆيۈنۈپ كۆڭلى بۇ هۆر زاماندىن،
سېنى سېغىنىپ ئەسلەيدۇ ئانام .
دەيدۇ گۈلدەستە قويۇپ قەبرەڭگە:
«كاشكى مۇشۇ دەم بولساڭمۇ بالام...»

1969 ~ 1980 - يىللار

# ئالتۇن ئاچقۇچ

«مەرد سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن»

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

## مۇقەددىمە

ئۆتتى ئاھ... تىنىمسىز بەڭباش ياشلىقىم،
ئۆتتى ئەل قەدرىگە يەتمەي پەرىشان .
بالىلىق چېغىمغا قايتىپ باشلىدىم،
باشلىدىم يېرىشنى... سالام كىتابخان!

«ياشلىقتا ئاڭلىغان كۆڭۈلدىن چىقماس»،
دەيتتىكەن كونىلار، بۇ گەپ راست ئىكەن .
ئۇ چاغلار كۆپ ئىشتىكەن ھەۋەس قىلىپ راست
بۇ چۆچەك قەدرىگە ئۆزۈم يەتمىگەن .

بۇ ئاخشام ئۇي - ئويلاپ چۇشۇپ يادىمغا،
ۋۇجۇدۇم ئوت كەبى كەتتى يالقۇنجاپ .
گوياكى شۇ مومام كېلىپ ئالدىمغا،
سۆزلىدى چۆچەكنى، يازدىم مۇشۇ تاپ .

زۇلمەتلىك ئۆتمۈشكە ئېچىنىپ ياشلار،
بۇ نۇرلۇق دەۋرانىڭ قەدرىگە يەتكەي .
پەن، ئىلىم، ھۈنەرگە بېرىلىپ ياشلار،
ۋەتەن، خەلق ئالدىدا خىزمەت كۆرسەتكەي .

ئۆزۈممۇ شۇبهسىز بولۇپ شۇ كويدا،
باشلىدىم ئاڭلاڭلار كېلىپ شۇ ئويغا .

1

بىر ئەلۋەك دىياردا ئۆتكەن زاماندا،
بار ئىكەن بىر سۇلتان قانخور ۋە زالىم .
خەلق ئۇنىڭ دەستىدە ناله ـ پىغاندا،
يەيدىكەن ئاش ـ نانىنىڭ ئورنىغا ۋايىم .

گۆھەردىن كۆز قويغان ئالتۇن تاجىنى،
كىيىپ ئۇ چىققاندا مەرمەر تەختىگە؛
ئاڭلىماي غەمگۇزار ئەلنىڭ دادىنى،
قانائەت قىلماستىن تېخى بەختىگە؛

قان تولغان كۆزنگە كۆلەڭگە سالغان،
قايىقى ئېچىلماس ئىكەن تۇرۇلۇپ .
ئۆلۈمنىڭ قايغۇسى بىلەن پەرىشان،
ئولتۇرار ئىكەنۇ بەلغەم تۈكۈرۈپ .

بىر كۈنى سوراپتۇ قەھرى بىلەن شاھ:
«ئۆلمەسلىك مۇمكىنمۇ؟ بېرىڭلار جاۋاب!»
جىمجىتلىق ئىچىگە چۆكۈپتۇ ئوردا،
شۈك بولۇپ ۋەزىرلەر يەر تۆۋەن قاراپ .

جۇشۇپتۇ تەختىدىن شاھ بوپ دەرغەزەپ،
شارت قىلىپ قولىغا قىلىچنى ئاپتۇ:
«تۈزكورلار نېمىشقا قىلىشمايسەن گەپ؟»
توۋلاپ بىر ھاكىمنىڭ بېشىنى ئاپتۇ .

قۇرئەنداز يىقىلىپ شۇئان يۈتىغا:
«ساڭا ئەي سۇلتانىم، مەن جاۋاب بېرەي»
دەپتۇ شاھ قەھرىنى بېسىپ كويىدا،
«جان كېرەك بولسا، ئال، ئۇندىن مەن كېچەي .»

«ھىم! ئېيتقىن» دەپتۇ شاھ ئالىيىپ قاراپ،
سۆزلەپتۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇرئەنداز .
«ئۆلۈمدىن قورقۇشنىڭ ئۆزى بىر ئازاپ،
قورقمىغان ياشايدۇ قىشنى قىلىپ ياز .

ئۆلمەيدۇ قىلغانلار ئۈچ شەرتنى ئادا،
بىرىنچى ۋەتەنگە پىدا قىلسا جان،
ئىككىنچى، قالدۇرسا تۆھپە ھاياتقا .
ئۈچىنچى، ياخشىلىق قىلسا بىگۇمان؛

بۇ يولدا ئۆلسەڭمۇ، ئۆچمەيدۇ نامىڭ،
ياخشى نام قالدۇرۇش ئۆلمىگەنگە تەڭ .
سۇلتانىم، شۇ بولسۇن سېنىڭ قارارىڭ،
ئادالەت بېغىدا گۈللىسۇن تۆھپەڭ .»

شاھ جېچىپ شالىنى دەپتۇ: «بەس ! توختا!»
مەن ئۆلمەي ياشاشقا چارە تاپىمەن .
يوق سۆزنى قىلىپ سەن تەڭلىمە نۇختا،
ئۆلمەسلىك ئۈچۈن خۇش دورا تاپىمەن .»

تاشلاپ قۇرئەندازنى چاھ[1] قا كىشەنلەپ،
ئېلىپتۇ مۈلكنى قويماي خەزىنىگە .

① چاھ — زىندان.

شوراپ ئەل قىنىنى سەمرىپ ھە دەپ،
كىرىشىپ كېتىپتۇ ئىشرەت ـ بەزمىگە .

بۇ سۇلتان دەستىدىن بولۇپ يۇرت خاراب،
«مەرەز شاھ» ئاتاپتۇ خەلق ئۇنى قارغاپ .

بۇرۇنمۇ ئەمەس، ھېچ كېيىنمۇ ئەمەس،
دەل شۇ چاغ بۇ ئەلگە كەپتۇ بىر ئاپەت .
ھايۋانمۇ ئەمەس ئۇ، يا جىنمۇ ئەمەس،
بىر دىۋە ئىكەن ئۇ، ئېتى جاھالەت .

ئېگىز تاغ ئۈستىنى قىلىپ ئۇ ماكان،
يېتىپتۇ چات كېرىپ ئىس ـ تۈتەك پۇرقۇپ .
مەرەز شاھ تەزىمگە بېرىپ شۇ زامان،
يەرگە باش قويۇپتۇ لاغىلداپ قورقۇپ .

«سەن ماڭا چىقىلماي ھۆكۈم سۈرىۋەر،
پاناھىڭ مەن ئۆزۈم...» دەپتۇ ئۇ دىۋە .

مەرەز شاھ ئاجىز خەلق، ۋەيران ۋەتەنگە،
نەزەرمۇ سالماستىن كەپتۇ ئوردىغا .
«سۇلتانلىق ماڭا خاس، شاھلىق ماڭا تەن»
دەپتۇ ئۇ گىدىيىپ باقماي قۇربىغا .

خىيالغا چۆمۈپتۇ: «دۇنيادا كاشكى،
مەن قالسام، ئۆلسە خوپ ھەممىلا ئادەم...»
قويماي ئۆز ھالىغا قېرىنى، ياشنى،
يىغدۇرۇپ ئۇ جاكار قىپتۇ: «بۇ ئالەم

مەن بىلەن ئالەمدۇر، مەنسىز ئۇ بولماس،
شەربىتى ماڭا تەن ئابىھاياتىنىڭ.
ئۇنى كىم كەلتۈرسە قىزىم ئاڭا خاس،
بۇي ئالار گۈلىدىن شىرىن مۇراتىنىڭ...»

سۆزىنى تۈگىتىپ ئاندىن مەرەز شاھ،
قىزىنى راۋاقتا كۆرگەزمە قىپتۇ.
دەردمەن خەلق بىر قاراپ قويماپتۇ ھەتتا،
خانزادە، بەگزادە ھوشىدىن كېتىپتۇ.

قۇندۇزدەك چاچلىرى باشىغا سالما،
قىز ئۇيچان تۇراركەن ئايدەك مۇڭلىنىپ.
ھىلھىلە رومىلى غۇر ـ غۇر شامالدا،
يەلپۈنەركەن ئاھ، چاقناپ نۇرلىنىپ.

تارقاپتۇ خالايىق قايغۇسى ئارتىپ،
بىھوشلار ھوشىغا كەپتۇ، «ئۇھ!» دەپتۇ.
ھەربىرى ھەر جايدىن ئوزۇقنى ئارتىپ،
ئاتلىنىپ چىقىپتۇ، ئاتنى «چۇھ!» دەپتۇ.

ئۇلار يەر يۈزىدىن ئابىھاياتنى،
تاپامدۇ ـ تاپمامدۇ، كېيىن بىلەرمىز.
مەن باشلاي چۆچەكتىن ئىككىنچى بابنى،
قاي كۈندە قۇرئەندار؟
نېمە بولدى قىز؟

2

تاش ئەمەس ئۇرۇلغان يالاڭ پۇتىغا،
سۆڭكى ئادەمنىڭ تىرىك كۆمۈلگەن.

گۈل ئەمەس پۇرىغان ئۇنىڭ بۇرنىغا،
جەسىتىنىڭ ھىدى ئۇ چىرىپ تۆكۈلگەن .

گۆر كەبى قاراڭغۇ ئاشۇ زىنداندا،
ياتاركەن قۇرئەنداز، رەڭگى زەپىران .
ۋەتەن ـ خەلق غېمىدە چۆمۈپ يىغانغا،
ئېيتقان ھەق سۆزىگە قىلماپتۇ پۇشمان .

شاد ئىكەن ئۆزىنىڭ جاۋابى بىلەن،
دوستلىرى ئۆلۈمدىن قالغاچ قۇتۇلۇپ؛
ئوردىدا ۋىجدانىنىڭ ئازابى بىلەن،
سىقىلغان يۈرىكى بۇندا جۇش ئۇرۇپ .

ئېلىنى جاھالەت باسقانلىقىنى،
ئېدىتىلىق كۆڭلىدە سېزەر ئىكەن ئۇ .
تىلەپ ئەل ـ يۇرتىنىڭ ئامانلىقىنى،
قايغۇ ـ غەم شارابى ئىچەر ئىكەن ئۇ .

ئاھ چەكسە يادىغا چۈشۈپ رەپىقى،
ئۇيۇقىنىڭ ئېتىكى يىرتىلار ئىكەن .
كېلىپ كۆز ئالدىغا ئوغلى، ئەزىزى،
ئۈمىدىنىڭ نۇرلىرى چېچىلار ئىكەن .
تەسەۋۋۇر قىلغاندا غالىب خەلقنى،
سائادەت ئىشكى ئېچىلار ئىكەن...

ۋە لېكىن مەرەز شاھ «سۆزۈڭدىن يان!» دەپ،
ئۇسسۇزلۇق، نان بەرمەي قىيناپتۇ خورلاپ .
بۇ دانا «ئەل ئۈچۈن جېنىم قۇربان» دەپ،
يانماپتۇ سۆزىدىن تارتسىمۇ ئازاب .

كېتىپتۇ ھالىدىن ئۆتۈپ يەتتە كۈن،
بىر بۇردا نان يېمەي ـ ئىچمەي تامچە سۇ .
ئەجەبا ئېلىنىپ ئۇشتۇمتۇت بۈگۈن،
مۇدھىش چاھ ئاغزىدىن ئېغىر تاش ياپقۇ .

چۈشۈپتۇ ئالدىغا گۈپ ئېتىپ كوزا،
ئۇنىڭغا باغلانغانىكەن بىر تۈگۈن .
چىقىپتۇ، نان، تائام، ئېچىپ قارىسا،
(كۆيۈنسەڭ كىشىگە سەن شۇنداق كۆيۈن .)

بۇ سىرلىق كېچىدىن باشلاپ ھەر كۈنى،
چۈشەركەن شۇ مەھەل تۈرلۈك غىزا، چاي .
كىمدۇر بۇ جان كۆيەر ـــ يوقلىغان ئۇنى،
سۇلتاننىڭ قەھرىدىن قورقماي، ئۇنتۇماي؟

شۇ مەرەز شاھنىڭ خان قىزى ئىكەن ئۇ،
بىز بايا راۋاقتا كۆرگەن چىرايلىق .
ئوقۇتقان ئۇستازنىڭ غېمىنى يېگەن...
(دۇنيادا بىلىمگە يەتمەس ھېچ بايلىق .)

نومۇسسىز، تاش يۈرەك ئاتىنى دېمەي،
قىپتۇ قۇرئەندازغا ياخشىلىق شۇنداق .
گۈندىپاي كېچەلمەي بېرىلگەن زەردىن،
مەيلىگە قويۇپتۇ ئۇ قىزنى... بىراق .

ئول ياۋۇز، دۆت، تەرسا دىۋە جاھالەت،
بۇ نادىر رەنانى ئېلىپ قېچىپتۇ .
كۆرۈنۈپ كۆزىگە ئۆلۈم شۇ سائەت،
مەرەز شاھ چارىسىز ھەسرەت چېكىپتۇ .

يەنە ئاچ قالسىمۇ چاھتا دانىشمەن،
نىجاتلىق تېگىدىن ئۈزمەپتۇ ئۈمىد .
ھامانەم قىلماي ئۇ ئۆلۈمنى پىسەنت،
تىلەركەن خارۇزار خەلققە بەخت .

تاماقسىز ئاجىزلاپ كېتىپتۇ تېنى،
باقاركەن تەلمۈرۈپ چاھنىڭ ئاغزىغا .
بۇ دەھشەت ئاچلىقنىڭ ئونىنچى كۈنى،
چۈشۈپتۇ ساڭگىلاپ ئارقان ئالدىغا .

ئۇ تۇيۇپ، مىلىڭ تەستە باغلاپ بېلىنى،
ئېسىلىپ تۇرغاندا تارتىپتۇ بىر كىم .
چىقىپ چاھ ئۈستىگە كۆرۈپ ئوغلىنى،
ئارانلا سۆزلەپتۇ:

«بالام، ئەزىزىم؛

تىنچ ـ ئامان تۇردىمۇ ئاناڭ؟» دەپ سوراپ،
ھوشىدىن كېتىپتۇ؛

ئوغلى شۇ مەھەل

پىداكار دوستلىرى بىلەن ئاۋايلاپ،
ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ، يەتكۈچە ئەجەل .

قاپتۇ چاھ بېشىدا قورقۇپ، قان يۇتۇپ،
گۈندىپاي، جاللاتلار باغلاپ قويۇلغان .
ئانا ئېشىك تۇۋىدە كۈتۈۋېلىپتۇ،
باغرىغا بېسىپتۇ ياش تۆكۈپ شۇئان .

ئاغزىغا سوغ سۇنى تېمىتقانىكەن،
پاللىدە كۆز ئېچىپ دەپتۇ ئۇ دانا:

«ئەلۋىدا، مەھبۇبەم، قال ئامان ـ ئېسەن .
ئەلۋىدا، مەرد ئوغلۇم، ماڭا قارىما .

سەن مېنى جان تىكىپ قۇتقۇزغان بىلەن،
جاھالەت زۇلمىدىن قۇتۇلمىدى ئەل .
جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۈزۈنتاي خۇرسەن،
ئاتلان يوق قىلىشقا ئۇنى دەرمەھەل .

بىل، چىراغ ھېچقاچان ياغسىز يورۇماس،
ئادەممۇ ئىلىمسىز تاپمايدۇ روناق .
ئۆگەنسەڭ يېگىشنى تاپسەن ئاخىر،
گۇم بولۇپ يولۇڭغا قۇرۇلغان تۇزاق .

ۋەتەن ـ خەلق ئالدىدا، ۋىجدان ئالدىدا،
ئۇرۇنۇپ مەن ئادا قىلالمىغان ئۇ
بۇرچۇمنى، قەرزىمنى قىلغىن سەن ئادا!
بار ئوغلۇم، كېچىكمە، قىلمىغىن قايغۇ...»

تىزلىنىپ ئەزىمەت يىگىت شۇ ھامان،
«ئەلگە جان تەسەددۇق!» دەپتۇ ئانت ئىچىپ .
خوشلىشىپ ھايالسىز بوپتۇ ئۇ راۋان،
ئانىسى ئۇزاتقان يوللۇقنى ئېلىپ .

ۋادەرىخ، ئىشىك تامان قارىغان پېتى،
دانا جان ئۈزۈپتۇ، كۆزى يۇمۇلغاي .
دەريادەك ئېقىپتۇ ئانىنىڭ يېشى،
يىغلاپتۇ قارىلىق تۇتۇپ كۆكتە ئاي .

بۇ چاغدا ئاتمىغانىكەن تېخى تاڭ،
ئەمدى سىز سۆزنى شۇ ئوغۇلدىن ئاڭلاڭ .

## 3

مېڭىپتۇ ئۇ يىگىت يەلكىدە يېمەك،
قەلبىدە ئۇلۇغۋار مەقسەتنى ئېلىپ .
گوياكى تۇلپارغا ئايلىنىپ تىلەك،
ئۇ ئۇچۇپ باراركەن ئۇيچان كۆز سېلىپ .

يۇلتۇزلار سۇ چېچىپ، شامال سۈپۈرۈپ
قويۇپتۇ يولىنى، بۇيرۇپ خۇدايىم .
شىلدىرلاپ دەل ـ دەرەخ مۇڭلۇق يەلپۈنۈپ،
قىلاركەن يان ـ ياندىن ئېگىلىپ تەزىم .

چىقىپ ھەم چولپانمۇ تىلەپتۇ ئاقيول،
خوش ئېيتىپ بۇلبۇللار سۇنۇپتۇ گۈلدىن .
چاقناپ باش كۆتۈرۈپ دەپتۇ: «ئامان بول!»
كۈن سېلىپ ئۇنىڭغا پاياندار نۇردىن .

قىرىلار سۆيۈنۈپ يوللۇق تۇتاركەن،
كەينىدىن ماڭغاندا ئەگىشىپ ياشلار .
كۈنسېرى غەيرىتى ئېشىپ باراركەن،
بولغاچقا ئۆزىگە ھەمراھ يۇرتداشلار .

ئارىلاپ مېڭىپتۇ يېزا ـ قىشلاقنى،
كۆرگەندىن، ئىشتكەندىن ئېلىپ كۆپ ساۋاق .
ئاپتۇ ئۇ «ئوزغۇن مەرد» دېگەن ئاتاقنى،
ھارماستىن ـ تالماستىن ئىزدىنىپ شۇنداق .

ئۇ كېتىپ بارغاندا قۇملۇقتا چاڭقاپ،
ئۇچراپتۇ ئالدىغا ئىككى بەگزادە .

بىرى جىم تۇرۇپتۇ ۋە بىرى قاراپ،
كۆتۈرۈپ قىلىچىنى قىلىپتۇ ھەملە[1]...»

بۇ ئىكەن مەرەز شاھ قىزىغا ئاشىق،
چىققان ئىمىش ئابىھاياتنى ئىزدەپ:
«خانىغا مەن كۈيئو ئوغۇل بولۇشقا لايىق»
دەر ئىكەن كۆرگەنلا كىشىنى قەستلەپ .

نە ئابىھاياتنى تاپسۇن بۇ ئۆكتەم،
يۈرۈپتۇ ئەل ـ يۇرتنى قاقشىتىپ بۇلاپ .
ئالغانىكەن پەيلىدىن «بۇزغۇن» دەپ لەقەم،
قوتانغا تەگكەن چىلبۆرىدەك ھۇۋلاپ .

ئۇ بىرى، گەپ يېمەس قورققاق نادانىكەن،
شۇنچە چوڭ بولسىمۇ بايلىق ـ دۆلىتى .
خەلق ئۇنى «قوزغۇن» دەپ ئىزا قىلاركەن،
تۆگىدەك تۇرسىمۇ بەستى، سۆلىتى .

شۇ كۈنى ئىككىسى قاراپ راۋاققا،
ھوشىدىن تەك كەتكەن ئىكەن يىقىلىپ ...
بېقىپ ئەل ـ يۇرتىغا، قىزغا باقمىغان
ئوزغۇنغا ئۇچراپتۇ شۇ ھال دۇچ كېلىپ .

ئۇنىڭغا ئويىنى ئېيتىپتۇ ئوزغۇن:
«يوقىتار دۈشمىنىڭ بىلسەڭ مەن ئەمەس!»
قايتىماي شۇم پەيلىدىن دوق قىپتۇ بۇزغۇن،
«مەندەك ئەر ئالدىدا قولسەن، بول پەخەس» .

---
① ھەملە ـــ ھۇجۇم.

كۆچىنىپ ئۈچ مەرتەم ئۇرغان قىلىچى،
تەگمەستىن ئوزغۇنغا بىكار كېتىپتۇ .
پەنت ـ ھىيلە ئىشلىتىپ يېڭەلمەپتۇ ھېچ،
نەيزىسى ھەم ئۇنىڭ كاردىن چىقىپتۇ .

چۇشۇپ ئات ئۈستىدىن بەل تۇتۇشقاندا،
«پۇتىدىن تارت!» دەپتۇ قۇزغۇنغا بۇزغۇن .
ئايلىنىپ كېلىپ ئۇ قول ئۇزارتقاندا،
ئۇلار گەجگىسىدىن چىلىڭ تۇتۇپ ئوزغۇن؛

ئۇرۇپتۇ كەم ئەقىل قۇزغۇن بېشىنى،
شۇم تىلەك بۇزغۇنىنىڭ كاللىسىغا ۋاق .
«بىز ساڭا قۇل!» دەپتۇ تۆكۈپ يېشىنى،
بۇ نامەرد خۇنپەرلەر چۇشۇپ ئوڭدا جاق .

كەچۇرۇپ، ئامانلىق بېرىپ يەنىلا،
قۇزغۇنغا، بۇزغۇنغا قىپتۇ نەسھەت .
يېتىشىپ كەپتۇ تېز مەردكە شۇ چاغدا،
ئەگەشكەن كۆپچىلىك پاك دىل، ساپ نىيەت .

ئۇ مېڭىپ ھەممىنىڭ يەنە ئالدىدا،
يېتىپتۇ بىر كەنتكە ئۆتۈپ بۇ دەشتىن .
ئاھ ـ پىغان بىلەن خەلق چىقىپ ئالدىغا،
باشلاپتۇ ئۇلارنى ئۆي ـ ئۆيگە بەشتىن .

بۇندىمۇ مەرەز شاھ دەستىدىن ھەر جان،
غەم ـ كۆلپەت ئىچىدە ئازاب چېكەركەن؛
پۇرقۇپ ئىس ـ تۈتەكنى جاھالەت يايغان،
زۇلمەتتە چىرىغى يانماي ئۆچەركەن .

مۇكچىيىپ قامىتى، ياشىنىپ قالغان ـــ
بىر ئۇستا تۆمۈرچى بار ئىكەن بۇندا .
ياساركەن ئۇمۇت ھەم نەيزە ۋە قالقان،
ئۇ چىللاپ ئۆيىگە دەپتۇ ئوزغۇنغا:

«سۇ ۋە ئوت تونۇسىمۇ قايتمىغان يولدىن،
مەرد يەتكەي مۇرادقا ياخشى نىيەتتە .
بۇزلەنگەن بەختىمۇ كېتىدۇ قولدىن،
ئارقىغا يانسا كىم پېتىپ كۆلپەتكە .

دەيمەنكى، ئالدىڭغا قارا، ئالغا باس،
توختىما، نىشانغا سەن يەتمىگۈچە...»
تىڭشاپتۇ بۇ سۆزنى قويۇپ چىن ئىخلاس،
جاسارەت ـ غەيرەتكە تولۇپ ئۇ شۇنچە .

باشلاپ شۇ مىنۇتتىن ئۇ بولۇپ شاگىرت،
تۆمۈرچى ئاقىلنى تۇتۇپتۇ ئۇستاز .
بازغاننى كۆتۈرۈپ ئۇرۇپتۇ يىگىت،
قىلىچنى، نەيزىنى سوقۇپتۇ بەك ساز .

ئەگەشكەن مەردلەرگە پۈتكەن قورالنى
تارقىتىپ بېرەركەن ھەر كۈنى ئاخشام،
كۆڭلىدە ئويلاركەن: «ئىشەنچىڭلارنى
مەن يەردە قويمايمەن ئاتام، جان ئانام...»

بىر كۈنى كېچىسى تۆمۈر سەندەلگە،
باش قويۇپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ئوزغۇن .
ئاقساقال بىر بوۋاي كىرىپ چۈشىگە،
دەپتۇ كۆزلىرىدىن چاچرىتىپ ئۇچقۇن:

«يا شۆھرەت، يا بايلىق ئىزدەپ چىقمىدىڭ،
جان پىدا قىلدىڭ سەن خەلققە، ۋەتەنگە .
قۇل بولۇپ سۇلتانغا قىز دەپ چىقمىدىڭ،
شۇڭا مەن ئالدىڭغا كەلدىم شۇ دەمدە .

ئۇ بەتبەخت دۇنيانىڭ ـــ شۇم جاھالەتنىڭ
كور قىل بىر ئۇرۇپلا يەتتە كۆزىنى .
گەر قورقۇپ ئەيتىدىن بۇ نەس ئاپەتنىڭ،
ئۇنتۇساڭ ئۇستازىڭ ـــ پىقىر سۆزىنى :

مۇرادقا يەتكۈزەر ئالتۇن ئاچقۇچتىن،
ھېكمەتلىك كىتابتىن مەھرۇم قالسەن .
باسار يۇرت قايغۇسى ئۇ چاغ بېشىڭدىن،
ئاتاڭدىن، ئاناڭدىن قارغىش ئالسەن .

لالما ئىت ئۆلگەندەك ئۆلەرسەن ئاندىن،
بولماس ھېچ خوۋلۇقمۇ ساڭا جاھاندىن...»

كۆز ئاچسا ئوزغۇن مەرد، چۆچۈپ ئويغىنىپ،
يېنىدا ئولتۇرار ئىكەن تۆمۈرچى .
شۇ زامان بازغاننى ئاپتۇ ئۇ قوپۇپ،
سوقۇشقا باشلاپتۇ چوغدەك تۆمۈرنى .

بېكىتىپ بىر سايىقا يەتتە ئۈچ نەيزە،
ئاپتۇ ئۇنى قولغا ئاتلىنىپ شۇئان .
«يېڭىش تاپ، رىزا قىل، ئەلنى شاد ئەيلە!»
دەپ ئالىم ئۇستىسى تۇرۇپ شۇ ھامان .

ئۈچ باتۇر ئوغلىنى قوشۇپ ئوزغۇنغا،
ئۇزىتىپ چىقىپتۇ : «يولدىن يانما!» دەپ .

ئەگىشىپ كەلگەن يار ـ دوستلىرى شۇندا،
ئاتلىنىپ مېڭىپتۇ، رەت ـ رەت تۈزۈپ سەپ .

ئاجراتماي قۇزغۇننى قېشىدىن بۇزغۇن،
مېڭىپتۇ ئۇلارنى كەينىدىن پايلاپ .
تىلەككە يېتەمدۇ ـ يەتمەمدۇ ئوزغۇن؟
بىتاقەت بولماقلار ئاچاي يېڭى باب .

4

باغ كۆزگە كۆرۈنسە، شۇئان يېتسەن،
تاغ كۆزگە كۆرۈنگەن بىلەن چىقماق تەس .
مەنزىلگە بارغۇچە ھالدىن كېتسەن،
چىداپ يول باسمىساڭ ئالدىڭغا كەلمەس .

ئۆتسىمۇ قانچىلاپ ۋەيرانە باغدىن،
يەتمەپتۇ ئېگىز تاغ باغرىغا ئوزغۇن .
كۆز ئۈزمەي قارىسىپ تۇرغان شۇ تاغدىن،
«قايتقان خوپ» دەپتۇ نەس ئاغزىدا بۇزغۇن .

يەنە يول يۈرۈشكە قالماي تاقىتى،
قۇزغۇنمۇ توختاپتۇ ئارقىغا داجىپ .
«بولمايدۇ ھېچ راۋا ئەلنىڭ ھاجىتى»
دەپ چۇقان سايتۇ بۇ ئىككى شۇم نالىپ .

ۋە لېكىن كەينىگە بىر قەدەم يانماي،
ئوزغۇنغا ئەگىشىپ كېتىپتۇ ياشلار .
ئارقىغا بۇرۇلۇپ قاپتۇ ئويالماي،
قاپتۇ ئۇ بەتنىيەت ـــ يۈرىكى تاشلار .

*　　*

تەڭلەپتۇ قۇزغۇنغا بۇزغۇن نەيزىنى،
ئوزغۇنلار تېز ئۇزاپ بولغاندا غايىب.
سانجىپتۇ كۆكسىگە بۇزۇپ پەيلىنى،
«قولىدىن ئىش كەلمەس نادان» دەپ كايىپ.

ئۆزىگە دوست ـ ھەمراھ بولغان كۆپ مەھەل،
قۇزغۇننى ئۆلتۈرۈپ چۇشۇپتۇ يولغا.
تاغۇدەشت، گىياھتىن ئاۋاز كەپتۇ دەل:
«ئەگەشمە شەيتانغا، سەن نادان بولما!...»

ئېتىنى قامچىلاپ ئويلاپتۇ بۇزغۇن:
«ماڭا خاس شان ـ شۆھرەت، سۇلتان بولۇش ھەم.
ئۆلگۈرۈپ ئۆلۈمگە كەتتى ئۇ ئوزغۇن،
بولىدۇ شۈبھىسىز جاھالەتكە يەم...»

توختاپ چۆل[①] بويىدا ئاپتۇ كوزىغا،
توشقۇزۇپ زەي سۇنى سىلىپ زەھەرنى.
ئۇ يېتىپ شەھەرگە — كىرىپ ئوردىغا،
«شۇ ئابىھاياتنى — شېرىن ـ شېكەرنى؛

مىلىڭ جاپا ـ دەرد بىلەن ئېلىپ كەلدىم» دەپ،
سۇنۇپتۇ سۇلتانغا قاقشاپ يەر ئۇپۇپ.
مەرەز شاھ «مۇرادقا ئەمدى يەتتىم» دەپ،
ئويلاپتۇ كۆڭلىدە بىر پىلان تۈزۈپ:

«مۇشۇ دەم گەر بۇنى ئۇجۇقتۇرمىسام،
شاھلىقتىن ئايرىلىپ قالىمەن، خالاس...»

① چۆل — شايار، توقسۇلاردا سۇ توختاپ قالغان تەبىئىي چوڭقۇرلۇقلارنى چۆل دەيدۇ.

كېلىپ شۇ قارارغا، ئىززەت ـ ئېھتىرام،
كۆرسىتىپ دەپتۇ ئۇ: «شاھلىق ساڭا خاس.»

مەرەز شاھ بۇزغۇننى خىلۋەتگاھىغا،
باشلاپ تەخت ئۈستىدىن كۆرسىتىپتۇ جاي.
سۇنۇپتۇ بىر جام مەي — سالغان كۈچۈلا،
ئۇ ئىچىپ يۈرىكى ئېغىپ دەپتۇ «ۋاي!...»

بۇزغۇن قان قۇسۇپلا يىقىلىپتۇ دۈم...
دەشتتە تېز باراركەن ئۇزغۇن شۇ تاپتا.
ئاز قالغانىكەن ئۇ، دەھشەتلىك ئۆلۈم
ھۇرپىيىپ قادىلىپ تۇرغان شۇ تاغقا.

كۆرۈپ دەل ئۇزغۇننى سۆزىدىن قايتماس،
جاھالەت قەھرىلە ئوقۇپتۇ ئەپسۇن.
توسۇپتۇ بىر دەريا پەيدا بولۇپ راست،
ئاققۇزۇپ تاشلارنى ياساپ زور دولقۇن.

چاپتۇرۇپ كەپتۇ ـ دە، بۇ زور ئېقىنغا،
ساپتۇ ھېچ توختىماي ئۇزغۇن ئېتىنى.
نە سۇغا غەرق بولسۇن، تۈزلەڭ زېمىندا،
بارارمىش بۇزماستىن قىلچە پېتىنى.

گەر يانسا ئارقىغا ئاقار ئىكەن ئۇ،
ئۆرۈلۈپ تاشلارغا لەشكىرى بىلەن.
يۆگىلىپ تېنىگە چاقار ئىكەن شۇ
سۇدىكى يىلانلار نەشتىرى بىلەن.

قايتمىغاچ يولىدىن، ياخشى نىيەتتىن،
جاھالەت سېھرىسى بولۇپتۇ باتىل.

ئاتىنىڭ، ئۇستازىنىڭ سۆزىنى ئەستىن،
چىقارماي مېڭىپتۇ ئالدىغا دادىل .

جاھالەت كۆتۈرۈپ يەتتە بېشىنى،
ئوقۇپتۇ تەڭ ئەپسۇن يەتتە ئاغزىدا .
بېيىلىپ بېسىپتۇ يەرنىڭ بېتىنى،
كۆتۈرۈلۈپ بىر يالقۇن تاغنىڭ باغرىدا .

كىرىپتۇ ئېتىلىپ ئاتەش ئىچىگە،
تىلىكى گۈلخانىغا ئايلىنىپ ئوزغۇن .
نە ئاتەش بولسۇن ئۇ، گۈلشەن ئۈستىدە،
مېڭىپتۇ ھەم بەربات بولۇپ بۇ ئەپسۇن .

«ئاپلا!» دەپ جاھالەت يەتتە ئاغزىدىن،
پۇرقۇپتۇ قان - يىرىڭ، چىقىرىپ بوران .
ئۇ ياتقان چوققىغا تاغنىڭ باغرىدىن،
چىقىپتۇ ئوزغۇنلار سالامەت شۇئان .

كەلگەنچە يەتتە ئۈچ نەيزىنى ئوزغۇن،
سانجىپتۇ باراۋەر يەتتە كۆزىگە .
جاھالەت بېشىدا چۆرگۈلەپ قۇيۇن،
تاش - تۇپراق يېغىپتۇ قارا يۈزىگە .

ئۇ يەتمىش قولىدا يەتتە بېشىنى،
چاڭگاللاپ، ھۆركىرەپ چېكىپتۇ پەرياد،
تۆت ياندىن يىغىپتۇ يەتمىش پۇتىنى،
كېتىپتۇ ھوشىدىن قانسىراپ ھەيھات .

جاھالەت ئاستىغا باسۇرۇپ ياتقان،
ئالەمنىڭ ھېكمىتى ئايان ۋە بايان .

كىتابنى ئېلىپ مەرد ئوزغۇن شۇ زامان،
قارىسا ئىچىدە تۇرارمىش پىنھان:

نۇر چېچىپ پاقىراپ بىر ئالتۇن ئاچقۇچ،
شولىسى چۈشەركەن يۇلتۇزغا، ئايغا.
«خەلقىمنىڭ بەختى» دەپ ئاپتۇ قولىغا،
ئوقۇپتۇ كىتابنى بولۇپ ئۇ شەيدا.

«كىم ياخشى نىيەتتە ئۆگەنسە ئۇزار،
كىم يامان نىيەتتە ئۆگەنسە بۇزار.
گەر ئىلىم - ھۈنەرنى ئۆگەنمىسە كىم،
مۇرادقا يېتەلمەس ئاقىۋەت توزار —

دېگەن بۇ شېئىرنىڭ ئۆز رېتى بىلەن،
ھەرپىنى چۈشۈرسە ئاچقۇچنى بۇراپ.
ئېچىلار ھېكمەتنىڭ قۇلۇپى جەزمەن،
ئېچىلار ئىشكى گەنجىنىڭ شۇ تاپ...»

بۇ سۆزلەر يېزىلغان بەتنى - ۋاراقنى،
كۆزىگە سۈرتۈپتۇ، قىلىپتۇ تاۋاپ.
«قانداقچە ياشايمىز؟» دېگەن سوئالنى
ئويلاپتۇ، ئۇنىڭغا تېپىپتۇ جاۋاب.

ئوزغۇن مەرد كىتابنى سېلىپ قوينىغا،
چىقىپتۇ ئەڭ بۇيۇك چوققا ئۈستىگە.
كۆز سېلىپ ئېگىزدىن شەرققە قارىسا،
بىر ئىشىك تۇرارمىش چاقناپ ئۆزگىچە.

زەردىن يان - يېنىغا گۈل چېكىلگەنمىش،
قۇلۇپى قۇيمىكەن، چىڭ ئېتىلگەنمىش.

كۆچىسى ئۇزغۇننىڭ يۈرەك يالقۇنى،
توختىماي ئىزدىنىپ قىلىپتۇ پىكىر.
ساپتۇ شۇ قۇلۇپقا ئالتۇن ئاچقۇچنى،
يېزىپ شۇ شېئىرنى تولغاپتۇ پىر - پىر.

تولغىنىپ، قىينىلىپ چىقىپتۇ جېنى،
ئۇ ياۋۇز دىۋىننىڭ — شۇم جاھالەتنىڭ.
جاراڭلاپ ئېچىلىپ گەنجى ئىشكى،
كۆنى نۇر چېچىپتۇ ھۆر سائادەتنىڭ.

مەرۋايىت، كەھرىۋا، گۆھەر ۋە ئالتۇن،
رەڭمۇرەڭ ياقۇتلار بار ئىكەن بىھېساپ.
«بۇ خەلقنىڭ بايلىقى» دەپتۇ مەرد ئۇزغۇن،
تۈگىمەس خەزىنىگە شادلىنىپ قاراپ.

ھوشىدىن كەتكۈزۈپ بۇندا بەند قىلغان،
مەرەز شاھ قىزىمۇ كەپتۇ ئۆزىگە.
بۇ گۈزەل نازىنىن - بەختى ئېچىلغان،
سۇ سېپىپ يولىغا بۇلاق كۆزىدە؛

چىقىپتۇ چېچىدا سۇپۇرۇپ يەرنى،
ئۇزغۇننىڭ ئالدىغا — شۇ يار ئالدىغا.
ئۆزىنى تاشلاپتۇ ئاڭا سۆيۈنۈپ،
يورۇپتۇ يەرۇكۆك شۇ چاغ ۋاللىدە.

كەينىدە لەشكىرى، ئالدىدا ئەلەم،
قايتىپتۇ شان - شەرەپ دەبدەبە بىلەن.
يۇرتىغا، شەھرىگە قوياركەن قەدەم،
ئاپتۇ شاد خەلق كۈتۈپ تەنتەنە بىلەن.

... خۇشلۇقى بىلەن شاھ «ئابىھايات» نىلك،
ئۆلتۈرۈپ قۇزغۇننى قۇتۇلۇپ ئاندىن،
دەر ئۇنىكەن ئۆزىگە: «سەن خالاس تاپتىلڭ .
ئايرىلىش يوق ساڭا جاندىن، جاھاندىن...»

ئۇ تۇتۇپ كوزىنى تىنىگە پاتماي،
ئولتۇرغان چېغىدا تەختتە گىدىيىپ .
ئوزغۇن مەرد نەيزىنى كۆتۇرۇپ ئاي ـ ھاي!
كىرىپتۇ ئوردىغا بىسىپ، ئېتىلىپ .

قورقۇپ شاھ ئىچىشكە ئالدىراپ شۇندا،
كۆتۈرۈپ كوزىنى كۆمتۈرۈپتۇ دەم .
قۇيۇلۇپ زەھەر سۇ ئاغزى ـ بۇرنىغا،
قارىننى ملك پارە قىپتۇ ھەق ئۆلۈم .

ئوزغۇن مەرد كىتابنى، ئالتۇن ئاچقۇچنى،
قىپتۇ خەلق ــ يۇرتىغا مەڭگۈگە تەقدىم .
كېتىپ غەم ـ ھەسرىتى، باشتىن قايغۇسى،
بېرىلىپ ئىلىمگە ياشاپتۇ ھەر كىم .

يېتىپتۇ خەلق بىلەن ئوزغۇن مۇرادقا،
جان تىكىپ جانانغا يېتىپتۇ شۇنداق .
ئايلىنىپ ھاياتى ئۇنىلڭ قوشاققا،
ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تاراپتۇ شۇنداق .

خاتىمە

ھېكايە تۈگىدى، تۈگىدى چۆچەك،
تۈگىمەس ئىلھامىم قەلەم سياھى .

ئوقۇغان كىشىگە قوشسا بىر تىلەك،
شۇندىدۇر قىممىتى، شۇدۇر باھاسى .

1981 ـ يىلى، قەشقەر



# ھېيتگاھدا ھېيت كۈنى

## مۇقەددىمە

يىل بويى تونۇشۇپ مول نازۇنېمەتكە،
دېھقانىنىڭ ئەجرىدىن ياشنايدۇ ھېيتگاھ .
ھاياتقا مۇھەببەت ئۇرغۇتۇپ، دەردلىك ـــ
ھىجراندىن ۋىسالغا باشلايدۇ ھېيتگاھ .

نېمىشقا مەن يازماي بۇ ھەقتە داستان،
پاك سۆيگۈ، ۋىجدانغا ئوقۇپ مەدھىيە .
قالمايتتىم ئارماندا، داستانىم ئەگەر،
كىشىلەر كۆڭلىگە ياقسا ـ ئەرزىسە...

### بىرىنچى باب كۈتمىگەن ئۇچرىشىش

ئالتۇندىن ياسالغان ئوقيانى بەتلەپ،
كۈن ئۇپۇق يۈزىدىن نۇرىنى ئاتتى .
سىلكىپ دەل ـ دەرەخنى زىمىستان ئەدەپ،
نەشتىرىن قۇلاققا سانجىپ چاقاتتى .

كۈندىن زەر چېچىلغان، بۇلۇتتىن سوغۇق،
قەشقەرنىڭ بۇ قىشى ئاجايىپ شۇنداق .
كېلەتتى كىشىلەر كۆڭلىدە خۇشلۇق،
مۇشۇ تاپ ھېيتگاھقا ئاچقان كەڭ قۇچاق .

چېلىنار پەشتاختا سۇناي ۋە ناغرا،
ياڭرايتتى شۆھرەتلىك بۇ شادىيانە .

ياڭرايتتى ئاقىرىپ چاقنىغان تاڭدا،
بۇ كۆتكەن مۇرادتىن ئىدى نىشانە .

ئىشق بىلەن ساماغا چۈشكەن ياش - قېرى،
سەكرىشىپ ئايلىنىپ ياسايتتى قاينام .
دەبدەبە ئىچىدە ئەنئەنە سىرى،
باشلاندى قۇربان ھېيت — مۇقەددەس بايرام .

* *

چەكمەن تون ياراشقان تەمبەل بەستىگە،
بىر يىگىت ساماغا كۆز سېلىپ تۇرار .
ھەسرەتنىڭ ئۇچقۇنى ئويچان كۆزىدە،
گويىاكى مەشئەلدەك ئوت ئېلىپ تۇرار .

ئايلىنىپ قول تاشلاپ، سەكرەپ پۇت يۆتكەپ،
گاھ كۆككە قاراپ، گاھ ئېگىلىپ يەرگە؛
كۆڭۈل دەرياسىدا ئىشقى ئۆركەشلەپ،
خەلق ساما سالاتتى چۆمۈلۈپ تەرگە .

ئاق رومال، كۆك رومال، ھال، قىزىل رومال
سالغان قىز - چوكانلار — پەرىلەر توپى .
يىگىتكە گۈلزاردەك كۆرۈنەر شۇ ھال،
ساماغا تەلپۈنۈپ ئېگىلگەن بويى .

كاۋاپنىڭ خۇش ھىدى، شورپىنىڭ ھورى،
ئۇرۇلار يىگىتنىڭ دىماقلىرىغا .
«شەربەت ئىچ، ياغ - گۆش يە، جاننىڭ
ھۇزۇرى!...»
دېگەن ئۈن ئىشلىتىپ قۇلاقلىرىغا...

«كەپتۇ ئۆز ئەكسگە قەشقەرنىڭ پەيزى»
دەپ يىگىت خىيالچان تاشلىدى قەدەم .
(كىچەتتى كۆڭلىدىن سەرگۈزەشتىسى،
مۇشۇئان ئۇنىڭغا بولۇپ غەم ـ ئەلەم .)

خىرىدار چاقىرىپ توۋلايدۇ باققال،
نىمەتكە رەستە، يول لىق تۇشۇپ كەتكەن .
جىگدە، قاق هە ياڭاق، ئانار ۋە ئامۇت،
تۇڭدا بال، مۇراببا، ئىدىشتە گۈلقەن...

بەس ـ بەستە يىپىلەر پىچىلغان قوغۇن،
كۆك ئۈزۈم سۇكەندە، تەۋەڭدە ئاق نان...
كەلدى كۆز ئالدىغا ئۆز يۇرتى تازغۇن ــ
مىۋىنىڭ كانىدۇر، باغلىرى بوستان .

بىر سائىل ئايالنى كۆردى ئۇ يىگىت،
قول سۇنۇپ ئولتۇرغان مۇنار تۈۋىدە .
ئۇ توختاپ سەپسىلىپ كەلگەندە يىقىن،
كۆرۈندى تونۇشتەك ئۇنىڭ كۆزىگە .

ئەجەب ئوق يىنىدا سائىل ئايالنىڭ،
قامەتلىك بىر ئوغۇل بالا تۇراتتى .
ئەجەب سول يىنىدا كۆزلىرى بۇلاق،
چاچلىرى چۇۋۇلغان قىز ئولتۇراتتى .

«خۇدايىم مۇرادقا ئۆزى يەتكۈزسۇن...»
دىدى ئۇ مەزلۇمە ئىلتىجا بىلەن .
«خۇدايىم قايغۇنى سىزدىن كەتكۈزسۇن...»
دىدى ياش ئوغۇلمۇ سۆزلىرى چىچەن .

«خۇدايىم سالامەت قىلسۇن جان ئاكا! ...»
دەيتتى ھەم ياش قىزمۇ مۆلدۈرلەپ قاراپ .
يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى ئۆرتىنىپ كەتتى...
قىلاركىن ئەمدى ئۇ نېمدەپ جاۋاب؟

توختىغان پېتىچە مۇنار تۈۋىدە،
ئۇ يىگىت ئايالغا قالدى تىكىلىپ .
ئەجەبا، ياش تولدى يىگىت كۆزىگە،
كەتكەندۇ سائىلغا ئەلھال ئېچىنىپ؟

«سىز نەدىن كەلدىڭىز؟» سورىدى يىگىت،
«تازغۇندىن...» دەپ ئايال تېڭىرقاپ قالدى .
«ئىسمىڭىز گۈلبۈۋى ئەمەسمۇ سىزنىڭ؟»
دەپ يىگىت يېقىنلاپ يەنە سەپسالدى .

«ھەئە! مەن گۈلبۈۋى، سىز... سىز ئېيتىڭا...»
بۇ ئايال تۆگەتمەي تۇرۇپ سۆزىنى .
«مەن رەھىم... مەن رەھىم» دەپ يىغان بىلەن،
ئۇ يىگىت سائىلنىڭ تۇتتى قولىنى .

«ئەزىزىم مەن كەلدىم...» دېگەندە ئايال،
«رەھىمجان بۇ سەنمۇ؟» — دېدى ئىنتىزار .
كۈتمىگەن بىر چاغدا ھېيتگاھدا ھېيتتا،
ئەر ـ خوتۇن تۇيۇقسىز كۆرۈشتى دىدار .

نە ناغرا ئاۋازى، سۇناي ساداسى،
كىرمەيتتى ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا .
سەكرىشىپ باللار «دادا! ئانا!» دەپ،
چۆمۈلدى تاشقان قوش بۇلاقلىرىغا .

ئوپئوچۇق كۆزلىرى تۇرسا مۆلدۈرلەپ،
سەزمىدى يارىنىڭ ئەمالىقىنى .
قاي تەقدىر سالغاندۇ ئۇنى بۇ كويغا؟
دەپ يىگىت سورايتتى ئايال ھالىنى .

شۇ تاپ قار جۇلالاپ تۇرغان مۇنارنىڭ،
تۇۋىدە ئەجەب بىر كەچۈرمىش ئۆتەر .
ئەر - خوتۇن، قىز - ئوغۇل گىرە سېلىشىپ،
قايتۇرۇپ، سۆيۈنۈپ، يىغلىشار، كۈلەر...

## ئىككىنچى باب رەھىم ۋە گۈلبۈۋى

ئۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەم،
نېمىدۇر؟ مەن قىلاي ئەمدى ھېكايە .
ئۇلارنى جىن ئەمەس، خورلۇق ئايرىغان،
يوق زىنھار بۇنىڭغا باشقا باھانە .

ئۇ يىگىت، شۇ ئايال تازغۇنلۇق ئىدى،
ئىككىسى چوڭ بولغان بىر مەھەللىدە .
ئىككىسى مەكتەپتە بىللە ئوقۇدى،
يىلسىرى بوي تارتىپ تولۇپ ھۆسنىگە .

تۇغۇتتا ئانىسى بولغانتى ۋاپات،
كۆز ئاچقان رەھىمگە دىدار كۆرسەتمەي...
بىلىپ بۇ ئوغلىنى ئاتىسى قانات،
كەلدى بۇ كەمگىچە تەنھا، ئۆيلەنمەي...

ئۇنىڭدىن ئامەتلىك ئىدى گۈلبۈۋى،
ئۆستى شوخ ئۇ قېنىپ ئوغۇز سۈتىگە .

«هۆر قىزىم» دەپ سىلاپ ئاتىسى ئۇنى،
ئارزۇلاپ باقاتتى قاراپ كۆزىگە .

ئۆچۈپ ئوت ئۆيلەرنىڭ ئوچاقلىرىدا،
يېگەندە، دېھقانلار بىر قازاندىن ئاش .
كەتكەنتى ئىلىغا قىزنىڭ ئاكىسى،
ئاچلىقتىن ئەمگەككە بېرەلمەي چىداش .

«پات كەلگىن ئاكا!» دەپ قىچقىراتتى قىز،
ھەر ئاخشام بېشىنى يېقىپ مورىغا...
مەكتەپكە ماڭغاندا كۆز تەگمىسۇن دەپ،
ئانىسى سالاتتى ئىسرىق بويىغا .

يانغاندا ئوقۇشتىن رەھىم ئىككىسى،
كېلەتتى ئېتىزدىن بىللە ئوت ئوتاپ .
بىللە قوي باقاتتى، بىللە ئوينايتتى،
چۈشۈپ بىر - بىرىگە كۆڭلى يالقۇنجاپ .

*　　*

سېرىقتال ئۆتەتتى دېھقاننىڭ كۈنى،
سۈبھىدىن شامغىچە ئىشلەپ ھېرىقىپ .
گۈلبۈۋى دادىسى ياندى قاپقىدىن،
سوغ تېگىپ، ئۆپكىسى ئاغرىپ چىڭقىلىپ .

دۇنيادا ئەجەلگە بارمۇ بىر داۋا؟
ئۈچ ئاي قان تۈكۈرۈپ ئۆتتى ئالەمدىن .
تارتىپ ئىچ ئاغرىقى سارغايدى ئانا،
گۈلبۈۋى نائىلاج قالدى مەكتەپتىن .

بازاردىن نەرسىنىڭ چىرايلىقىنى،
ئەمدى ئۇ دادىسى كەلمەيدۇ ئېلىپ .
يۆلەپ قولتۇقىدىن ئانىسىنى ئۇ،
يوقلايدۇ قەبرىنى ئاق رومال سېلىپ ..

پەرزەنتىنىڭ بەختىنى ئىزدەپ تۇغۇلار،
ئاتىنىڭ ئارزۇسى، ئانا تىلىكى .
ۋاقتىدا گۈل ئېچىپ شۇ ئارزۇ - تىلەك،
گۈلبۇۋى، رەھىمىنىڭ قوشۇلدى بېشى .

بىر كەچ كۈز ئاخشىمى بولدى نىكاھى،
ۋە لېكىن چەكلىنىپ تويى بولمىغان .
چۈنكى ئۇ يىللىرى يۈز بېرىپ ئاپەت،
«ئۇر - يىقىت» باشلىنىپ بولغان مالىمان .

تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئوغلى مىرئادىل،
ئۇلارغا يېنىشلاپ كەلدى مۇسىبەت .
گۈلبۇۋى ئانىسى ئۆتتى دۇنيادىن،
كۈيۈئوغۇل، قىزىغا قىلدى نەسىھەت:

«تاپىدۇ ۋاپادىن ئايال سائادەت،
ئەر كۆكلەر يۇرتىغا قويسا مۇھەببەت .
گۈللەيدۇ ئائىلە بولسا ساداقەت،
باسمىسۇن باللىرىم سىلەرنى غەپلەت...»

باسمىدى بۇلارنىڭ ئۈستىدىن غەپلەت،
ۋە لېكىن تۇشمۇتۇش قايغۇ - غەم باستى .
سۆز - چۆچەك كۆپىيىپ، تىنچىماي غوۋغا،
بۇلارنى قاتمۇقات دەرد - ئەلەم باستى .

* *

بىر كۈنى مەجلىستە چىداپ تۇرالماي،
رەھىمنىڭ ئاتىسى سۆزلىدى قايناپ:
— مانا! بىز ئادەمغۇ،
نېمە تاپىمىز،
ئىتتەك ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تالاپ؟!

بىزگە يەر، بىزگە ئەرك بەرگەن پارتىيە،
ھامانەم يول قويماس زورلۇق - زۇلۇمغا.
خالايمەن ئېتىزدا ئەمگەك قىلىشنى،
ماڭىمەن يەنە شۇ ماڭغان يولۇمدا!...

ئىسيانچى ئۆكتەملەر باشلىقى سايىم،
بۇ ئاقىل دېھقاننىڭ بوغدى گېلىنى.
باغلاپ پۇت - قولىنى ئاستى تېرەككە،
ۋەھىمە تارقىتىپ قىيناپ جېنىنى...

* *

تاڭ سەھەر جاڭگالغا ئوتۇنغا كەتكەن،
رەھىمجان ئۆيىگە كەلدى كەچقۇرۇن.
گۈلبۈۋى ئالدىغا چىقتى ئاق باغلاپ،
«ئاھ، دادام!» دەپ يىگىت يىغلىدى ئۇزۇن.

ياتاتتى كارىۋاتتا كۆزلىرى ئوچۇق،
ئېگىكى چېتىلغان ئەزىز ئاتىسى.
چىرايى كۆكتىكى بۇلۇتتەك تۇتۇق،
بويىندا ئارقاننىڭ قانلىق يارىسى...

«كۆرمىگەن ئىدىممەن ئانا يۈزىنى،
سەئىدىنمۇ ئايرىلدىم ئاتىجان، نىتەي؟
ئۇيايمۇ شۇ قانخور مەلئۇن كۆزىنى،
ئىنتىقام ئېلىشقا جېنىمنى تىكەي...»

ئېلىپ ئاي پالتىنى قولىغا رەھىم،
ئېتىلدى ئىشككە دەرغەزەپ بولۇپ .
بۆشۈكتە تېلىقىپ قالدى جان بوۋاق،
گۈلبۇۋى كەينىدىن چىقتى يالۋۇرۇپ .

رەھىمجان ئۇچرىدى سادىق ئاكىغا،
كېلەتتى دېھقانلار بىلەن ئالدىراپ .
«بۇ كەچتە قەيەرگە بارىسەن ئوغلۇم؟
توختىغىن!» دېدى ئۇ ئەپتىگە قاراپ..

*    *

رەھىمگە ھەر دائىم كۆرۈنۈپ تۇرار،
شۇ قانلىق پاجىئە ـ ئېغىر مۇسىبەت .
ھەم سادىق ئاكىنىڭ سۆزى ئاڭلىنار :
«ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، يېڭەر ھەقىقەت...»

رەھىمجان غوۋغادىن تارتىپ ئۆزىنى،
يۈتۈپ كۈن كەچۈرەر دەردىنى ئىچىگە .
كۆيۈنۈپ ئۇنىڭغا يارى ــ گۈلبۇۋى،
تەسەللى بېرەتتى كۈندۈز ـ كېچىدە .

ناھايەت قوش قىردىن، ئىش چىقتى ئىزدىن،
مۇنبەت يەر ئايلاندى تاتىراق ئېگىزغا .

قاچۇرۇپ ئۆزىنى رەھىم غوۋغادىن،
ئىشلىدى تەر تۆكۈپ شورلۇق ئېتىزدا .

بىر ئاخشام «قوغداش» نىڭ باشلىقى سايىم،
رەھىمنىڭ ئۆيىگە كىردى ۋارقىراپ .
«ئىنقىلاب كەلتۈردى سەن ئۈچۈن ۋەھىم،»
دېدى ئۇ يەر تېپىپ، ئالىيىپ قاراپ:

«سىنىپىي كۈرەشتىن ۋاز كېچىپ، ئىشلەپ،
ئۆزۈڭنى دۈشمەننىڭ قوينىغا ئاتتىڭ .
دەۋرىمىز ئەمگەكتىن ياشنىماس گۈللەپ،
قاتناشماي كۈرەشكە پاتقاققا پاتتىڭ .

چىقمايسەن ئېتىزغا، نېمە دېسەم مەن —
شۇ ئىشنى قىلىسەن، كۈرەشتىن بەزمە!
بارمايسەن قۇرۇلۇشقا ئالدامچى، خۇپسەن،
كىم ساڭا تامچىلىق قىل دېدى، ئەزمە!؟»

«سوئالىم بار سىزگە ھۆرمەتلىك غوجام،
ئېيتىڭا ئىسياندىن نېمە پايدا بار؟
ئىككى يىل ئۇر - يىقىت بىلەن مەن ھاردىم،
ئېتىزلار شور باغلاپ، قالدىم ئاچ-زار .

يەر قاتتىق، يۇمشىماس تەگمىسە كەتمەن،
جان تاتلىق باقماق تەس بولمىسا ئاشلىق .
‹كۈرەش› دەپ يىلسېرى بولدۇق بىز دەردمەن،
پايدىسى بار دېسە سىزگە بار، باشلىق!

مەن دېھقان، ئىشلىسەم - چىشلىسەم دەيمەن،
مەنسەپتىن، دۆلەتتىن ھېچ تەمەيىم يوق .

مەن بالىچاقامنىڭ غېمىنى يەيمەن،
سىز كەبى سەمرىشكە خۇش ئارامىم يوق…»

رەھىمنىڭ سۆزىدىن كەتتى چىچاڭشىپ،
ئۇ خۇددى كۆكۈيۈن چاققان ئىشەكتەك .
چىرايى بوزاردى كۆپۈپ، تاتىرىپ،
يامغۇردا ھۆل بولۇپ قالغان كىسەكتەك .

«نىيىتىڭ بۇزۇلغان، بىلمەيدۇ، دېمە،
ئىسيانىڭ كۈچىنى كۆرىسەن ئەمدى .
بىز ئىگە ھەممىگە، بىز ئىگە ئەلگە،
بىز ياققان گۈلخاندا كۆيىسەن ئەمدى .»

سايىمنىڭ كۆزلىرى پۈلتىيىپ چىقتى،
ھومىيىپ كەينىگە ياندى ئالدىراپ .
ئۇ كۈرەش قىلىشقا «ئاما» نى يىغدى،
باغلانغان رەھىمنىڭ قەلبى ئىدى ساپ .

كىيدۈردى قالپاقنى «بۇزۇق ئۇنسۇر» دەپ،
رەھىمنى سازايى قىلدى يېزىدا .
«بۇ مۇدھىش كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر خەپ!»
دەر ئىدى كۆڭلىدە يىگىت، «دەرىخا…»

بىردىنبىر خۇشلۇقى ئىدى گۈلبۇۋى،
ئۇرغۇيتتى غەيرىتى ئۇنىڭغا باقسا .
نېمىشقا چىقمىسۇن ئۇنىڭ ھاردۇقى،
لەۋەن يار مەڭزىنى ـ مەڭزىگە ياقسا؟

چىقىپ ئىشىك ئالدىغا ئالغاندا كۈتۈپ،
قېقىپ چاڭ ـ توزانىنى ئۈستىبېشىدىن .

رەھمىنىڭ غەمگۇزار كۆڭلى سۆيۈنۈپ،
«جېنىم...» دەپ يارىنىڭ قۇچار بىلىدىن .

## ئۈچىنچى باب كۆز قىيمىغان ئايرىلىش

«لۈكچەك» دەپ ئاتالغان قىمارۋاز سايىم،
مالىمانچىلىقتا كۆتۈردى ئىسيان .
تەزىم قىپ بۇزۇقلار كاتتىبېشىغا،
ياشلارنى ئالدىدى، بولدى «ئاتامان» .

«قەھرىمان» ئاتالدى چېقىش - بۇلاشتا،
رەڭگارەڭ مال بىلەن توشتى ساندۇقى .
قەستلەپ گۈلبۈۋىنى - لەۋەن ئايالنى،
رەھمىگە قادىدى كۆز نەشتىرىنى...

... پەيت پېتىپ كەلگەندە بوش تۇرامتى ئۇ،
ئىشلەتتى رەھمىگە شۇ كەبى زورلۇق .
دېھقانلار ئۆيىنى باستى غەم - قايغۇ،
ھېچ كىشى قالمىدى تارتمىغان خورلۇق .

نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان رەھىم،
كەلدى ھەم قاپقىغا نەچچە رەت بېرىپ .
ئويلايتتى: «بولسىلا ئامان بۇ جېنىم،
كۆرىمەن، كۈن چىقار بۇلۇتنى يېرىپ...»

ياشايتتى شۇ ئۈمىد، شۇ ئىشەنچ بىلەن،
بوي بەرمەي ئىشلەيتتى ئازاب - ھەسرەتتە .
ھاردۇقى چىقاتتى گۈلبۈۋى بىلەن،
مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ ئۆيدە - خىلۋەتتە .

ئۇ قەرزدار بولمىدى، ئىشلەپ هارمىدى،
قىينىلىپ كەتتى بەك جانلىرى ئۇپراپ .
تاپاتتى ھەر كېچە دەرمان ۋىسالدىن،
بۇ ئىشچان ئەر ـ خوتۇن مېھرى يالقۇنجاپ .

*　　*

تۇغۇلۇپ گۈلئەنبەر قوش بولدى بالا،
ئۇجمىگە سېلىندى يۇمشاق بۆلەنچۈك .
مىرئادىل تەۋرىتەر بۇ بۆلەنچۈكنى،
گۈلبۇۋى رەھمىگە بولار يۆلەنچۈك .

مىرادىل چوڭ بولدى، كىردى ئالتىگە،
ئۈچ ياشلىق گۈلئەنبەر يۈرەر كەينىدە .
مىنىپ تال چىۋىقنى «چۇھ» دەپ سەكرىشىپ،
ئۆستەڭنى ياقلاپ كېتەر سەيلىگە .

ئاھ! قانداق ياخشى ـ ھە، باللىق چاغلار!
بىغەم ھەر نەرسىدىن، ئويۇن بولسا، بەس .
يىلانمۇ، قۇشقاچمۇ ئۇلارغا ئوخشاش،
تېزرەك چوڭ بولۇشقا قىلىدۇ ھەۋەس .

*　　*

ئاھانەت، ئازاردىن بولۇپ باغرى قان،
ئىشلەيتتى كالىدەك رەھىم كۈنۈتۈن .
گۈلبۇۋى ھال سوراپ: چارچاپ كەتتىڭىز...
دېگەندە باش چايقاپ چىقارمايتتى ئۈن .

ئاشلىقتا تېگىشىپ يەپ بولدى بۇ يىل،
بىردىنبىر قويىنى قوزىسى بىلەن .
تۆيدۇرماي ئېرىگە، ساتتى بىر كۈنى،
دۇخاۋا كۆڭلەكنى — توي كۈنى كىيگەن .

ئۇزارتتى پۇلنى ئۇ راستىنى ئېيتىپ،
«خىجالەت تارتماڭ» دەپ ھوشيار گۈلبۈۋى .
تاملىرى ئورۇلۇپ چۈشكەن قاراڭغۇ
تار ئۆيىنى يورۇتتى ۋاپا شۇ كۈنى .

* *

ئەتىسى رەھىمجان كەتتى شەھەرگە،
«بالىلار ئۇچۇن رەخت ئېلىپ كېلەي» دەپ .
تۈن يېرىم بولغاندا كەلدى يالاڭ ئاياغ،
ئۆزى ئاچ بولسىمۇ مەردانە دەسسەپ .

خۇرجۇنىنىڭ بىر كۆزى ئۇنغا لىق تولغان،
بىر كۆزى بوش ئىدى، قويدى سۇپىغا .
بىر ئەتلەس كۆڭلەكنى ئالدى قويىندىن،
ئالدى ھەم سامسىنى ئىككى قولىدا .

مىرئادىل، گۈلئەنبەر كۆزلىرى چاقناپ،
ماڭا، دەپ ئېسىلدى... سۆيۈندى شۇنچە .
(ماراپ ئاي تۈڭلۈكتىن قىلدى تاماشا،
چولپانغا دەپ بېرىپ ئالدى سۆيۈنچە...)

«بىلەمسەن ئەزىزىم، ئۇننى، كۆڭلەكنى،
مىلك تەستە ئالدىممەن، ئاشقان پۇلمۇ بار .
تون بىلەن ئۆتۈكنى ساتتىم، رەنجىمە،
ئاچ ـ يېلىڭ قالمساق بولدى، نەدەكار؟

يولدا مەن ئۇچراتتىم سادىق ئاكامنى،
ئۇ دەيدۇ: «بىر جايغا كەت، كەلگۈچە قىش .
سايىملار كۆزىنى تىكىپتۇ ساڭا،
‹ئىغۋاچى› دەپ سېنى قولغا ئالارمىش.»

«بۇ گەپنى مەن ئۈچ ـ تۆت بۇرادىرىمدىن،
ئاڭلىدىم، سەن رازى بولساڭ، مەن كېتەي .
ئازابتۇر مەن ئۈچۈن يۇرتتىن ئايرىلىش،
مەن كېتىپ قاپقاندىن قۇتۇلۇپ كېتەي .

تاپىلاپ قويدۇممەن سادىق ئاكىغا،
بىلسەن ئۇ كونا سېكرېتارىمىز .
ھەرنە كۈن بېشىڭغا كەلسە تارتىنماي،
ئېيت ئاڭا، ئۇ بىزنىڭ ھامان ئاتىمىز...»

دەپ رەھىم گۈلبۇۋى مەڭزىگە سۆيدى،
قېنىشماي ئەر ـ خوتۇن قانداق ئايرىلار؟
غۇر ـ غۇر كۈز شامىلى غازاڭنى تۆكتى،
مۇڭلىنىپ دەرەخلەر لىڭشىپ شۇۋىرلار .

ئىشەندى گۈلبۇۋى سۆيگەن ئېرىگە،
كۈتمىگەن سەپەرگە بولدى ئۇ رىزا .
ئاھۇدەك كۆزىدىن ئېقىپ ياشلىرى،
دېدى ئۇ: سەن ئۈچۈن جېنىم سادىغا...

باغرىغا باستى چىلڭ ئوغۇل ـ قىزىنى،
ئېرتىپ گۈلبۇۋىنىڭ يېشىنى رەھىم .
ئۇچەيلەن يېپىشىپ ھويلىغا چىقتى،
ئۆتمەكتە ئىدى بۇ ئەنسىز كېچە جىم .

شۇ چاغدا مىياڭلاپ كەلدى مۈشۈكمۇ،
سۈركىدى ئۆزىنى رەھىم پۇتىغا .
ئىشكىنىڭ تۈۋىدە ياتقان ئىتمۇ،
تۇردى - دە، ئېسىلدى رەھىم قولىغا .

بۇ تىلسىز جانلارنىڭ سىلاپ بېشىنى،
خوش ئېيتتى ئىچىدە يىگىت تارتىشىپ .
ئۇ سۆيۈپ بالىلىرى پېشانىسىدىن،
چىقتى ئىشىك ئالدىغا قىيماي يانىدىشىپ .

خوشلاشتى گۈلبۈۋى سادىق ئەر بىلەن،
ئۇزىتىدى سەھەردە رەھىم سەپەرگە .
نىگارى ئاھ چېكىپ قالدى «خۇدا!» دەپ،
يۆلىنىپ تېرەككە يىغلاپ شۇ يەردە .

قالدى ئۇ قۇچاقلاپ ئوغۇل - قىزىنى.
قالدى ئۇ ئوتىدا كۆيۈپ پىراقىنىڭ .
قالدى ئۇ چولڭ يولغا تىكىپ كۆزىنى ،
قالدى ھەم يورۇقى سۇسلاپ چىراغىنىڭ .

## تۆتىنچى باب  ھالال تەردىن كۆرگەن نەپ

ئاتۇشتىن ئۆتكەندە رەھىم پىيادە،
كەينىدىن ماشىنا كەلدى دۇ - دۇتلەپ .
بۇ دېھقان ئۆزىنى ئالغاندا چەتكە،
توختىتىپ ئۇنىڭغا شوپۇر سالدى سەپ .

چىقاردى كابىنكا ئىچىگە ئۇنى،
«رەھمەت! » دەپ ياش ئالدى رەھىم كۆزىگە .

بۇ كاتتا شوپۇردىن بولدى مىننەتدار،
«ياخشىلىق ئۇنتۇلماس» دېدى ئۆزىگە .

توقسۇغا كەلگەندە چۈشۈپ قالدى ئۇ،
شوپۇرغا رەھمەت دەپ ئاپىرىن ئوقۇپ .
ھۇنىرى ئەسقېتىپ تۇرۇپ قالدى ئۇ،
قىشچە بۇ يۇرتتا ئىشلەپ ئام سوقۇپ .

«نوپۇسۇڭ يوق ئىكەن» دەپ ئۇنى ئاخىر،
زورلىدى كېتىشكە چاقىرىپ ساقچى .
يول ئالدى شايارغا يىگىت باھاردا،
تەلەيمۇ ئۇنىڭغا بىر كۈلۈپ باقتى .

شايار مول ھوسۇللۇق خىلۋەت، ئۆز دىيار،
ئەلۋەكتۇر بازارى ھەممە نەرسە بار .
چىمەنزار دالىسى سالقىن بىغۇبار،
ئېقىپ يان باغرىدا تارىم دولقۇنلار .

ئارىلاپ بوستانلىق يېزا ـ قىشلاقنى،
ئەپ كەلسە تامچىلىق قىلدى رەھمجان .
ئاققۇزۇپ ھالال تەر باقتى قورساقنى،
يەر ـ كۆرپە، يوتقىنى بولدى كۆك ئاسمان .

* *

شاياردا ئاتالغان تېۋىپ نۇر ئاكا،
ئۇچراتتى رەھمنى يازنىڭ بىر كۈنى .
ئۆي سېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى ئۇ،
ئالدىغا قويۇپ نان، كىشمىش ئۆرۈكنى .

كۈن ئۆتتى، ئاي ئۆتتى، ئۆي كۆتۈردى قەد،
ئىشلىدى شايارلىق نەچچە ياش بىلەن.
گاھ كېسەل داۋالاپ، گاھى لاي توشۇپ،
نۇر ئاكا رەھىمدىن بولدى كۆپ خۇرسەن.

كۆڭلىدە رەھىمنى لايىق كۆردى ئۇ،
ئانىسىز چوڭ بولغان يېتىم قىزىغا.
«ئاق كۆڭۈل، ئىشلەمچان يىگىت ئىكەن دەپ»
ئۇنى بىر ئاخشام تارتتى يېنىغا.

باراڭلىق سۇپىدا ئولتۇرۇپ دېدى:
«رەھىمجان، سىزدىن ھال سورىيالمىدىم
بىلمەن سىز بىزنىڭ يۇرتتا مۇساپىر،
ھاردىڭىز، مەن ئوبدان قارىيالمىدىم...»

يىگىت نۇر ئاكىدىن بولۇپ مىڭ رازى،
رەھمەت، دەپ قىلدى ئۇ ھالىنى بايان.
رەھىمدىل، خەلقپەرۋەر، دانا تېۋىپقا،
بولدى بۇ يىگىتنىڭ ئەھۋالى ئايان.

شۇندا نۇر ئاكىنىڭ باغرى سىيرىلىپ،
قارىدى رەھىمگە ھۆرمەت كۆزىدە.
«تارتىنماڭ بالام!» دەپ كېتىشكە قويماي،
رەھىمنى تۇرغۇزۇپ قالدى ئۆيىدە.

*　　　*

باشلىنار تومۇزدا شايار ئورمىسى،
كۆيدۈرەر يۈزلەرنى پىژغىرىم ئاپتاپ.

گىرىلدار ھاۋادا غۇژمەك تومۇزغا،
قىزارغان يۇلغۇنلۇق ئىچىنى قاپلاپ .

رەھىمۇ يەڭ تۈرۈپ چۈشتى ئورمىغا،
سول ئالدى نۇر ئاكا ئۇنىڭ يېنىدا .
ئۇلارنىڭ كەينىدىن كېلەر باغ باغلاپ،
ئېگىپ بەللىرىنى قىزى گۈلنىسا .

ئورۇلغان بۇغدايغا ئېگىشكەندە ئۇ،
تاشلىنار ئالدىغا قارا چاچلىرى .
ئالمدەك مەڭزىدىن ئاققان تەر بىلەن،
مايسىدەك سۇغۇرىلار قەلەم قاشلىرى .

دوغ ئېتىپ ئۈستەڭنىڭ مۇزدەك سۈيىدە،
تۇتىدۇ دادىسى بىلەن رەھىمگە .
ياڭرايدۇ ئېتىزدا ئورما ناخشىسى،
كۈچ ـ دەرمان، ھۇزۇر بەخش ئېتىپ ھەركىمگە،

* *

تىنچىق ياز كېچىسى، ۋىڭىلدار پاشا،
قاۋار ھەر ھويلىدا ئىشىككە قاراپ ئىت .
سازلىقتا كۇرۇلدار سانسىز پاقىلار،
خىيالچان ئولتۇرار مۇساپىر يىگىت .

ئېغىلدا ھاڭرىسا كېرىلىپ ئېشەك ،
مۆرەيدۇ كالىلار جۇۋازخانىدا .
كىشنەيدۇ تېپچەكلەپ سوۋۇتۇلغان ئات،
يۇرتىنى كەلتۈرۈپ رەھىم يادىغا .

قوتاندا قوي ـ پاقلان مەرەيدۇ پات ـ پات،
كاككۇكمۇ تېرەكتە سايرار يېقىملىق .
زىلال سۇ شىرىلداپ ئاقار ئېرىقتا،
رەھىمنىڭ يۈرىكى سوقار رىتىملىق .

ھەر كۈنى داستىخان سالار گۈلنىسا،
يۈزلىرى قىزىرىپ، يەرگىلا قاراپ .
رەھىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنەر شۇ چاغ،
ۋاپادار گۈلبۈۋى سارغىيىپ ياداپ .

نۇر ئاكا بۇ دەردمەن غەمكىن تامچىغا،
ئېچىنى ئاغرىتىپ سۆزلەيتتى ئاستا:
«شۇنداقكەن بىۋاپا جاھاننىڭ كارى،
كۆكلەركەن چىدىسا ئادەم جاپاغا .

ئوغلۇممەن بىر تېۋىپ، ئاتا مىراس بۇ —
كەسىپ بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزمەكتىمەن .
ئىنساننى داۋالاش ھەق راست ئۇلۇغ ئىش،
بۇ ئىشتىن قول ئۈزمەي جان بەرمەكچىمەن .

بۈيۈك بىر دانىشمەن قىلىپ نەسىھەت،
‹تېۋىپ يوق شەھەردە تۇرما› دەپتىكەن .
بۇ ئاددىي بىر ساۋات، بۇ بىر ھەقىقەت،
دوختۇرنىڭ قەدرىگە كىممۇ يەتمىگەن؟

بولغاچقا ئىنسانلار تېۋىپقا موھتاج،
پارتىيە ماڭىمۇ بەردى ھۆرمەت، نام .
ئىشلىدىم ئون بەش يىل دوختۇرخانىدا،
داۋالاش ئىشىغا بولۇپ دىلىم رام .

توپىلاك باشلىنىپ ئاخىر شەھەردىن،
ھەيدەلدىم بىمەھەل بولدۇم سەرگەردان .
قورقمىسا كىمىكى توسقۇن، خەتەردىن،
تاپىدۇ بىر ئامال، ئاشىدۇ داۋان .

ملىڭ قېتىم ئەرزلەر يازدىم، ھارمىدىم،
بارمىغان ئىدارەم قالمىدى شۇنداق .
ئاقىۋەت ئۆي سېلىش ئۈچۈن دالادىن،
ماڭا بىر ئۇلۇش يەر بەرگەنتى بۇندا .

ئىش قانداق تۈگسۈن ئۆي پۈتكەن بىلەن؟
سىز تېۋىپ بولۇشنى خالامسىز، يىگىت؟
بالام، بۇ كەسىپنى ئۆگىنىڭ جەزمەن،
يار بولسۇن سىز بىلەن ئىجتىھات، ئۈمىد .

ساۋاتلىق، غەيرەتلىك ئىكەنسىز بالام،
يالجىماس دورىغان سىيت نوچىنى .
سىزدەك ئار ـ نومۇسلۇق، ۋىجدانلىق ئوغۇل،
خار قىلماس ئۆزىنى تاپار يولىنى .

ئۆزگىنىڭ غېمىنى يېگەن بەندىنىڭ،
غېمىنى قىلىدۇ رەھىمدىل خۇدا...»
رەھىم قول قوۋۇشتۇرۇپ بەردى رازىلىق،
سۆزىدىن توختاپ چال بەرگەندە دۇئا .

## بەشىنچى باب ئىبرەتلىك چۆچەك

رىۋايەت سۆزلەيتتى نۇر ئاكا تۈندە،
ئەپلاتۇن، لوقماندىن، ئىبنى سىنادىن .

تېبابەت ئىلمىدىن دەرس ئۆتۈپ كۈندە،
تېزلىكتە ئىككى يىل ئۆتتى ئارىدىن .

جاھاننى سارغايتىپ كەلدى يەنە كۈز،
تۆكۈلگەن غازاڭلار قويغا يەم بولدى .
سۆز - ھېكمەت ئاڭلاشقا كەچكى گۇگۇمدا،
رەھىمنىڭ دوستلىرى ئۆيگە جەم بولدى .

نۇر ئاكا بىر ئوتلاپ دەملەنگەن چايدىن،
باشلىدى سۆزىنى ساقالنى تاراپ:
«سىلەرگە بىر چۆچەك ئېيتىپ بېرەي مەن،
ماڭماڭلار نادانلىق يولىغا قاراپ .

ئۆتكەنىمىش بۇرۇندا توختىباي دېگەن،
كەمبەغەل بىر ئادەم تاپالماي روناق .
چىقىپتۇ سەپەرگە شېرىن ئوي بىلەن،
ئىزدەپ ئۇ بەختىنى ئاچ ھەم يالاڭ ئاياغ .

ئاچماپتۇ ئۇنىڭغا تاغلار قوينىنى،
ئارزۇ قىلغاندەك ئۇچرىماپتۇ باغ .
سوزماپتۇ يە، دەپ غاز ئاڭا بوينىنى،
كەلمەپتۇ يايلاقتىن ئالدىغا گۆش - ياغ .

ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئۇ ماڭار ئىكەن،
پۇتلىرى قاناپتۇ ئۇرۇلۇپ تاشقا .
‹ئۇچرىسا كاشكى بىر رەنا› دەر ئىكەن،
قۇرۇپ لەۋ - ئېغىزى تەگمەپتۇ ئاشقا .

تونۇش يولۇقماي، دوستى ئۇچرىماي،
مېڭىپتۇ ئۇ شۇنداق، مېڭىپتۇ يولدا .

ماڭغانچە ئۇزىراپ تۈگىمەپتۇ ساي،
قولىغا كەلمەپتۇ ئۇ كۆتكەن ئولجا .

ھالسىراپ كېتىپ ئۇ قىردىن ئاشالماي،
بىر غارنىڭ يېنىغا كەپتۇ ئاچ قورساق .
قارىسا بىر ساندۇق تۇرارمىش ئاي ـ ھاي،
قىيا تاش كەينىدە يالتىراپ شۇنداق:

ئۈستىگە ئويۇلغان نەقىشلەر گۈلمىش،
قونغان گۈل شىخىغا كاككۇك، بۇلبۇلمىش .
گۆھەرمىش قويغىنى بۇرجەكلىرىگە،
ئالتۇنمىش تۇتقىنى چەسۋەكلىرىگە .

قۇلۇپى ئالماسمىش پارىلداپ تۇرغان،
ئاجايىپ ساندۇقمىش ۋالىلداپ تۇرغان .
بىر ياندا ئۈچ باشلىق دىۋە ئۇخلارمىش،
ئۇ گۈلدۈرمامىدەك خورەك تارتارمىش .

قورقۇپ ئۇ بىچارە ھوشىدىن كېتىپتۇ،
بىلمەي نە قىلىشنى زارلاپ يېتىپتۇ .
قوپقاندا ئاغزىدىن بۇ سۆز چىقىپتۇ:
‹خۇدا بۇ ئولجىنى ماڭا بېرىپتۇ .›

ساندۇقنى كۆچ بىلەن ئاچالماي شۇندا،
زورۇقۇپ كېتىپتۇ يەنە ھوشىدىن .
بۇ نادان ئامالسىز قاپتۇ ھاڭۋېقىپ،
ئاغزىغا باشقا سۆز كەلمەي ‹شۇكۇر› دىن .

ئۇ ئېلىپ قولىغا بىر يوغان تاشنى،
ساندۇققا ئۇرۇپتۇ كۆتۈرۈپ ئېگىز ــ

قارىسا چىقىلغان ساندۇق ئىچىدە،
ياتارمىش يارىلانغان بىر نازىنىن قىز .

‹ئاھ گۈزەل جامالىڭ، خۇمار كۆزلىرىڭ›
دەپ پەرياد چېكىپتۇ توختىباي يىغلاپ،
‹ئىسست، بار بولغىيدى ئېيتار سۆزلىرىڭ›
دەپ سۆزىنى باشلاپتۇ قىزمۇ بىر قاراپ:

‹مۇرادقا يېتەتتىڭ مېنى ئەپقاچقان،
ئۇ ياۋۇز دىۋىنى تاش بىلەن ئۇرساڭ .
بولاتتىم مەن ساڭا نىگار ئەي نادان،
سەن بۇنى بىلمىدىڭ، ئالجىدىڭ ساراڭ!

ساندۇقنى چاقتىم دەپ يارىدىڭ بېشىمنى،
ئۆلجىنى ئالدىم دەپ ئالدىڭ جېنىمنى .
ئۆمۈرلۈك بەختىڭنى قىلدىڭ سەن نابۇت،
ئۆتەرسەن جاھاندىن بولۇپ بىر تاۋۇت .

مەن ھايات قالماتتىم بولسا بىر ئاچقۇچ...›
دەپ ئاستا قاقشاپ جان ئۈزۈپتۇ دەرھال .
گۈلدۈرلەپ كۆك ئاسمان چېقىپتۇ چاقماق،
قۇيۇنتاز پىرقىراپ سوقۇپتۇ شامال .

تېشىپتۇ دولقۇنلاپ دەريادىكى سۇ،
تاش ـ تاشقا، ئۇرۇلۇپ چاچراپتۇ ئۇچقۇن .
يىراقتا ئىت قاۋاپ، بۆرە ھۇۋلاپتۇ،
پەسلەپتۇ گۆش ھىدى ئېلىپ سار، قۇزغۇن .

توختىباي يا ئۆلمەي ۋە يا تىرىلمەي،
تۇرغاندا ئۇ دىۋە ئويغىنىپ قاپتۇ .

كەمبەغەل بىچارە، نادانكەن دېمەي،
ھۆركىرەپ باغرىنى يېرىپ چايناپتۇ.

سەكراتقا چۈشۈپ ئۇ چىققاندا جېنى...
دەپتۇ يەر: ‹قوينۇمغا ئالمايمەن سېنى.›
سڭمەپتۇ زېمىنغا توختىباي قېنى،
قۇشلارمۇ يېمەپتۇ ئۇنىڭ تېنىنى.

تۇگدى بۇ چۆچەك، ئەمما تۈگمەس،
دۇنيانىڭ ئىشلىرى، ئىنسان خىزمىتى.
ئاچقۇچنى ياساشنى بىلىش بەك زۆرۈر،
بىلگەنىنىڭ ئىشى ئۇڭ، بىلمەسنىڭ نېرى.

يەن - ھۈنەر ئاچقۇچتۇر، قولغا كىم ئالسا —
قوشىدۇ ھاياتقا بىباھا تۆھپە.
زامانىنىڭ قىزلىرى چىقىپ ئالدىغا،
تۇتار ناز - كەرەشمە قىلىپ گۈلدەستە...»

*           *

رەھىمنىڭ يادىدىن چىقماس بۇ چۆچەك،
چىقمايدۇ دانىشمەن تېۋىپنىڭ سۆزى.
تولدى ئۇ غەيرەتكە، ئاشتى ئىشەنچى،
يورۇدى باشقىچە ئۇنىڭ قەلب كۆزى.

زەن قويۇپ ئۆگەندى كۆز داۋالاشنى،
چىن ئىخلاس بىلەن ئۇ يەنە ئىككى يىل.
كەتكىلى قويمايتتى، دەيتتى ئۇستازى:
«سائىتى كەلگەندە ئاندىن سەپەر قىل».

داۋالاش ئىشىنى، تومۇر تۇتۇشنى،
كۆزدىن ئاق ئېلىشنى ئۆگەندى ئاخىر .
ئۆگەندى بىمارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى،
دىياگنوز قويۇشقا بولدى ئۇ ماھىر .

بۇنچىلىك تۇرمۇشقا يەتكەندە رەھىم،
ئېسىدىن چىققاندۇ بەلكى گۈلبۇۋى؟
ئېھتىمال يادىغا كەلمەيدۇ بەلكىم،
تىنىمسىز شوخ ئوغلى، شۇ ئوماق قىزى؟

ئەمما كۆز ئالدىدىن كەتمەس ھەمىشە،
چۈشكەندۇ قانداق كۈن ئۇلار بېشىغا؟
ياش تېۋىپ رەھىمنىڭ بولسا قانتى،
باراتتى ھايالسىز ئۇچۇپ قېشىغا .

يوچتىدىن ئۈچ مەررە پۇل سالدى، بىراق،
بولمىدى ھېچ ئۇچۇر، بۇندا ھەم سىر بار...
خەت ـ خالتا ئەۋەتتى جاۋاب يوق — تىمتاس،
بارمىدۇر قىز ـ ئوغلى، مەھبۇبى دىلدار؟

يۇرتىنى سېغىنار، باغرى ئېچىشار،
ئۇ شۇڭا خەيرلىك كۈنلەرنى كۈتەر .
گۈلبۇۋى، رەھىم شاد ئۆتتۈشۈپ دىدار،
ياشارمۇ دۇنياغا سېلىپ خۇش نەزەر؟

* *

رەھىمگە توسقۇنلۇق تېخى خېلى بار،
ئۇ شۇڭا كېتەلمەس، كەتكۈسى كېلەر .

ئائىلە، يۇرت مېھرى ئۇنىڭ قەلبىدە،
كۆنسېرى ئۇلغىيىپ دەرمان ـ كۈچ بېرەر...

## ئالتىنچى باب ئىجادلىق

كارىۋاتتا ياتقان بىر ئۆسمۈر كۆزىنى،
تەكشۈرۈپ خىيالغا چۆكۈپ تۇرغاندا؛
تۇيۇقسىز «غىچ» قىلىپ ئېچىلدى ئىشىك،
باشلاپ بىر مېھماننى كىردى ھۆكۈما .

ھاياجان ئىچىدە ئېلىپ تېڭىقنى،
«كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم» دەپ سورىدى رەھىم .
«كۆردۈممەن ئاكا!» دەپ شادلاندى گۆدەك،
سۆيۈنۈپ قىلدى ئۇ كۆزىنى چىم ـ چىم .

«بەللى! سىز مەندىنمۇ ئۆتۈپ كېتىپسىز!»
ماختىدى رەھىمنى پېشقەدەم دوختۇر .
«بۇ سىزنىڭ ئەجرىڭىز، ياخشىلىقىڭىز»
دەپ دېھقان شاگىرتى ئېيتتى تەشەككۇر .

شۇ ئاندا نەزىرى چۈشتى مېھمانغا،
«سادىقجان!» دەپ توۋلاپ كۆرۈشۈپ كەتتى .
رەھىمنى تونۇپلا تاڭ قالدى شوپۇر،
«قانداقچە سىز دوختۇر بولدىڭىز؟» دەيتتى .

* *

... داستىخان سېلىندى، قويۇلدى مەزە،
شوپۇر چاي سۈمۈرۈپ دېدى رەھىمگە:
«رەپىقىم كۆزىگە ئاق چۈشۈپ، كۆرمەي،
ئىزدەپ نۇر ئاكىنى كەلدىم بۇ يەرگە .

ئەجەبا، بۇ يەردە ئىكەنسىز، يۇرتداش؟
بىز يەنە كۆرۈشتۇق تەقدىر ئاجايىپ...»
ياش ئالدى كۆزىگە رەھىم مۇشۇ تاپ،
«شۈكۈر دەڭ، بەس!...» دېدى نۇر ئاكا كايىپ.

دەملەنگەن چاي سۇنۇپ دېدى ھۆكۈما:
«قۇتقۇزار ئىلىم ـ پەن بىزنى بالادىن.
غەم قىلماڭ ئوڭلىنىپ كېتىدۇ تېزلا،
يورۇدى كۆزى قىلغان داۋادىن.»

ئاجايىپ مىجەزلىك ئىنسان ئىدى بۇ،
پەزىلەت، خىسلىتى، خۇلقى بەك ئېسىل.
بىتاقەتلىكىدىن بولدى مۇشۇ دەم،
ئۇستازى ئالدىدا رەھىمجان خىجىل...

دېگەندەك، تۆتىنچى نۆۋەت رەھىمجان،
ئالدى شۇ ئايالنىڭ ئىككى كۆزىدىن —
ئاق كۆكۈچ پەردىنى ئۇستىلىق بىلەن،
سادىقجان «رەھمەت!» دەپ تۇتتى قولىدىن...

بىلگىن بۇ شوپۇردەك، ئەزىز كىتابخان،
ياخشىلىق تاپىدۇ ياخشىلىق قىلغان.
كىم قىلسا يامانلىق قايتار ئۆزىگە،
تۇتىدۇ قانخورنى قىساس ھەر زامان.

* *

بىر ھەپتە توختىتىپ دوستىنى رەھىم،
ئۇزاتتى كۆز قىيماي ئۇنى سەھەردە.

قىزىرىپ ئۇپۇقنىڭ يۈزى شەلپەردەك،
كۈن چىقتى، يەتتىكىن شوپۇر قەيەرگە؟

*　　　　*

كۆز كەلدى قاغجىراپ قالدى باغىراك،
غۇرقىراپ ئۆرۈلار شامال بەدەنگە .
ئۇيقۇسى كەلمەستىن ئويلىنار رەھىم،
شۇ خىيال يەلكىنى ئۈزەر تۈمەندە:

«قايدىسەن گۈلبۈۋى بارمۇ سەن جىنىم؟
بۇ ئېغىر كۈنلەردە ھالىڭ نېچۈندۇر؟
بارىدۇر تازغۇندا ئوغلۇم، جان قىزىم،
پىراقى، دەردىدە باغرىم كۆيۈكتۈر .

زۇلمەتتىن نىجادلىق تاپالارمۇ ئەل،
بىزگىمۇ سائادەت كۈلۈپ باقارمۇ؟
ئىستىقبال كۆكىدە تۇغۇپ كۈنىمىز،
ئېچىلىپ باغدا گۈل شۇ تاڭ ئاتارمۇ؟»

بۇ كېچە ئۇيقۇسى كەلمەي زادىلا،
ئۆرۈلۈپ تولغىنىپ ياتتى رەھىمجان .
بىر چاغدا ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ئۇ،
يۈگۈردى كوچىغا بېسىپ ھاياجان...

تاڭ سەھەر... رادىيو بەردى خۇش خەۋەر:
«ياۋۇزلار تۇتۇلۇپ بوغۇلدى ئۇنى .
پارتىيە بولغاچقا ئەلگە نىجادكار!
ئۇپرىغان جانلارنىڭ تۇغۇلدى كۈنى...»

ھاۋامۇ ئىچىلىپ، سۈزۈلدى ئاسمان،
قارا، سۇر بۇلۇتتىن ئەسەر قالمىغان .
سۇ ئىچتى تەشنا يەر، چاڭقىغان كۆڭۈل،
ھەممىگە كەك قۇچاق ئاچتى ھۆر زامان .

* *

رەھمىگە رازىلىق بەردى ئۇستازى،
تەلمۈرۈپ بەستىگە بېشىنى سىلاپ .
نازۇك كۆز داۋالاش ئەسۋابلىرىنى،
ھەدىيە قىلدى ئۇ كۆڭلى يالقۇنجاپ .

گۈل - كەشتە چېكىلگەن ياغلىقنى سۇندى،
ياش ئېلىپ گۈلنىسا قارا كۆزىگە .
«ئۇنتۇماڭ، ئاكا!» دەپ يىگىتكە باقتى،
مونچاقتەك ياشلىرى ئاقتى كۆكسىگە .

ھاياجان ئىچىدە رەھمەتتىن بۆلەك،
بىرەر سۆز قىلالماي «خوش!» دېدى رەھىم .
نۇر ئاكا پېشىنى سۈرتتى يۈزىگە،
قىلدى بۇ جۇدالىق كۆڭلىنى يېرىم .

ماشىنا ئۇستىگە چىقتى ئۇ ئاخىر،
نەپسى بوغۇلۇپ سالدى يۈرىكى .
ئانارغا ئايلىنىپ ئۆزى ياسىغان
ئۆيدىكى ئويۇقتا قالدى يۈرىكى ...

قالدى ئۇ ئۇستازى - ئەزىز ھۆكۈما،
دۇئا قىپ رەھىمگە تىلىدى ئاقيول.

ئۆرۈكلۈك باغلىرى قالدى شايارنىڭ...
باراركىن قەيەرگە ئەمدى بۇ ئوغۇل؟

يەتتىنچى باب  جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا...

كەتتى ئۇ توقسۇدىن ئاپتوبۇس بىلەن،
ئۈرۈمچى شەھىرىگە، قەشقەرگە ئەمەس .
گۈلبۈۋى ئىسىدىن كۆتۈرۈلدىمۇ؟
ماڭدۇردى شىمالغا قانداق بىر ھەۋەس؟

... ياندىشىپ ئولتۇرۇپ كېتىپ باردۇ؛
قىز دېسە قىز ئەمەس، جۇۋان دېسە، ياش .
ئازادە كىينگەن بىر چوكان بىلەن،
ئۇلار بىر ـ بىرىگە سەپەردە يولداش .

ئۆزىنى «زەينەپ» دەپ ئاتىغان خۇشخۇي،
بىلىق كۆز بۇ ئايال قىلار تەبەسسۇم .
بىلگەندە رەھىمنىڭ دوختۇرلۇقىنى،
ئۇ ناله قىلدى، دەپ «ئاغرىيدۇ پۇتۇم ...»

سۇنۇپ ئۇ ئاق يۇمران بىلەكلىرىنى،
«سىز تۇتۇپ كۆرۈڭا، تومۇرۇم قانداق؟»
دەپ يەنە چاڭگاللاپ يۈرەكلىرىنى،
«زەپ ئاغرىپ كەتتى...» دەپ قاقشايتتى شۇنداق .

رەھىمجان سەپسىلىپ، «نېرۋا ئىكەن» دەپ،
زەينەپكە بېرەتتى ھەببى جەدۋاردىن .
بەزىدە ئۇ ماڭلاي تومۇرلىرىنى،
ئۇۋۇلاپ قوياتتى،
بۇ ئېتىباردىن .

زەينەپنىڭ ئاپتاپتەك مېھرى ئېچىلىپ،
«ئاكا!» دەپ رەھىمگە قادىلىپ كۈلدى .
بۇ دېھقان — بۇ تامچى — بۇ دوختۇر يىگىت،
ھېچ غەرەز سەزمەستىن خىيالغا چۆكتى .

«مۇشۇ ئان گۈلبۈۋى نەدە تۇرغاندۇ،
مۇساپىر يارنى سېغىنغانمىدۇ؟
تاقىتى تاق بولۇپ، ئىنتىزارلىقتا،
يۈرىكى تارتىشىپ سىقىلغانمىدۇ؟...»

ئۈشتۈمتۇت نوقۇشتىن كەلدى ئۆزىگە،
بېشىدا ئولتۇرغان زەينەپنى كۆرۈپ .
كۆرۈندى گۈلبۈۋى يەنە كۆزىگە،
ئۇ گويا تۇرغاندەك مەڭزىگە سۆيۈپ .

زەينەپخان بىر تۇتام پۇلنى چىقىرىپ،
«سىز ساقلاپ بېرىڭ» دەپ ئەگدى بويىنى .
رەھىمجان ئىچىگە كىرىپ - چىقمىسا،
قانداقمۇ بىلسۇن بۇ چوكان ئويىنى .

رەھىمجان يانچۇققا پۇلنى سالغاندا،
زەينەپخان بىر قىسما ئويلىنىپ قالدى .
رەھىم چىلىڭ قۇچاقلاپ ئالغان سومكىغا،
نېچۇندۇر تەلمۈرۈپ ئۇزاق كۆز سالدى .

ئاخىرى «سومكىغا سېلىڭ» دېدى ئۇ،
«يانچۇقتا ئىشەنچ يوق، يانچۇقچى يامان...»
«ئۆزىڭىز چىڭ تۇتۇپ ساقلاڭ» دەپ رەھىم،
پۇلنى قايتۇرۇپ بەردى شۇ ھامان .

*           *

قىش يېتىپ كەلمەستىن، كوچەيدى سوغۇق،
دەرەخلەر شېخىدا قالمىدى ياپراق؟
ئۇلانىاي يېنىغا كەلدى ماشىنا،
ئۇرۇمچى شەھىرىگە كىرىسدى پاتراق...

ئىشىنى تۈگىتىپ دوختۇر رەھىمجان،
كەتىسدى قەشقەرگە سالامەت - ئامان.
قىز - ئوغۇل، يارىنى كۆرسىدى كاشكى!؟
قۇچاقلاپ، مەڭزىگە سۆيسىدى كاشكى!؟

*           *

ئالدىراپ چۈشكەندە ماشىنىدىن ئۇ،
زەينەپخان قىلدى شاد ئۆيىگە تەكلىپ.
قويماستىن ئۇ ئايال ئۇنىمىغانغا،
ماڭدى يول كۆرسىتىپ، شاپاشلاپ غىپ - غىپ.

تونۇشى بولمىغاچ ئەزىم شەھەردە،
بىرەر كۈن تۇرۇپ جاي تاپاي، دېدى ئۇ.
لازىملىق نەرسىنى ئېلىپ چاپسانراق،
جانىجان قەشقەرگە ياناي دېدى، ئۇ.

قايرىلىپ بۇزۇلغان ئاسفالت يولدىن،
بەتبۇي تار كوچىغا قاراپ مېڭىشتى.
توختىدى زەينەپخان، ئاچتى قۇلۇپنى،
بىر قانات ئىشىكتىن كىرىپ كېتىشتى.

رەھىمنى باشلىدى مېھمانخانىغا،
شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى ھەم مەزە.
شۇدەم تاغ كەينىگە پاتقانىدى كۈن،
قار چۈشۈپ پاياندار سالغانتى يەرگە.

«يېشىنىپ بەھۇزۇر ئارام ئېلىڭ» دەپ،
زەينەپخان ئوت يېقىپ قورۇدى سەينى.
«نېمشقا مەن كىرىپ قالدىم بۇ ئۆيگە»
دەر رەھىم، «ئايالنىڭ بۇزۇقتۇر پەيلى».

ئۇ چىقىپ كېتىشنى ئويلىدى، بىراق،
يەشمەكچى بولدى ئۇ، بۇ سىرنى تۈندە.
ئەمدى ئۇ زەينەپنىڭ رايىغا بارار،
ئېيتىڭلار، بۇ خوتۇن ئاھۇمۇ ــ تۈلكە؟

ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇردى رەھىم،
زەينەپنىڭ خۇشلۇقى ئاندىن زىيادە.
كەلتۈردى داستىخان، خۇش پۇراق سەينى،
توشتى مەي رومكىغا، چايغا پىيالە.

«كەچۈرۈڭ، مەن ھاراق ئىچىپ كۆرمىگەن،
چاي ئىچىمەن، مەن ئۇخلاي، ھار ئالماڭ بۇنى»
دەپ رەھىم سومكىنى قويدى بېشىغا،
زەينەپخان تىڭىرقاپ كۆزەتتى ئۇنى.

بۇ مۇدھىش ئەنسىز تۈن تۈيۈلۈپ ئۇزاق؟
رەھىمجان كۆز يۇمۇپ ياتتى گۇماندا.
بېشىدا چۆرگىلەر ئون تاشلىق تۈگمەن،
نېمىلەر بولمايدۇ بۇ كەڭ جاھاندا؟

توختىماي قار ياغار، تۈن يېرىم بولدى،
زەينەپخان ئورنىدىن تۇردى شەپىسىز .
«ئەقلىدىن ئازدۇردۇم نى - نى يىگىتنى،
سەن دېگەن نېمىتىڭ...» دەيتتى ئۇ ئۈنسىز .

رەھمىنىڭ يېنىدا باش قويدى زەينەپ،
كۆز ئېچىپ غەزەپتىن يېرىلدى يىگىت:
«سىز نېمە؟ مايمۇنمۇ؟ قىلماسىز ئۇيات!؟
كۆڭلىڭىز ئەجەبمۇ پەس ئىكەن، ئىسىت!...»

«سىزگە ئاھ، رەھىمجان مەن كۆيۈپ قالدىم،
ئىشقىڭىز كۈچىدىن يوقالدى ھوشۇم...»
زەينەپخان پىچىرلاپ چۈشتى كارىۋاتتىن،
دېدى ئۇ: «سىز ئاكام، سىز مېنىڭ دوستۇم .»

ئارتۇقچە گەپ قىلماي كۆز يۇمدى يىگىت،
زەينەپخان ئويلىدى: «تېتىيمەن ساڭا .
ھەمىشە قۇچاقلاپ كەلگەن ئۇ سومكاڭ،
بۇ كېچە گەپ يوقلا قالدۇ ماڭا...»

قىچقىردى بىر خوراز قوشنا ھويلىدا،
زەينەپخان قويتى - دە، ئالدى پىچاقنى .
قاراڭلار! بۇ جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا،
تىترەپ ئۇ رەھىمگە سالدى پىچاقنى...

## سەككىزىنچى باب گۈلبۇۋىنىڭ قايغۇسى

ئۆگزىگە ياماشقان قاپاق بارىڭى،
سۇ سەپكەن سۇپىغا تاشلايتتى سايە .

گۈلئەنبەر ئالدىدا تۇرغان قورچاققا،
«يىرىلىدۇ تاشىم» نى قىلار ھېكايە .

يەلپۈپ كۆز شاملى بۇ ئۇماق قىزنىڭ
تاشلار ئاي يۈزىگە كوكۇلىسىنى .
ئاكىسى مىرئادىل كىردى «ئانا!» دەپ،
چاپتۇرغان پىتىچە ياغاچ ئېتىنى .

كەتمىنى يەلكىدە، تاغار قولىدا،
گۈلبۈۋى ئەمگەكتىن كەلدى ھېرىقىپ .
«ئاتىسى كۆرسە ھە، قانچە خۇش بولار...»
ئويلىدى، ئۇلارغا ھەۋسى كېلىپ .

قىز ـ ئوغۇل «ئانا!» دەپ كەلدى چۇگۇلداپ،
يېپىشتى «نان بەر!» دەپ ئېتەكلىرىگە .
ئۆيدىن بىر زاغرىنى ئېلىپ چىقتى ئۇ،
بىرىمدىن بەردى گۈل ـ چېچەكلىرىگە .

«مەن دادام كەلگەندە توقاچ نان يەيمەن»
دەپ ئوغۇل يۈگۈرۈپ قارىدى يولغا .
«مەن سامسا يەيمەن دەپ سەكرىدى ئويناپ»
دادىسى كەلگەندەك قىزچاقمۇ شۇندا .

ياش ئەگىپ مۆگلانغان ئانا كۆزىدىن،
يۈرىكى مۇجۇلۇپ تۇرۇپ قالدى جىم .
كۆگلەكنىڭ يامالغان ئېتەكلىرىگە،
ياغدى دەرد ـ ھەسرەتنىڭ يامغۇرى سىم ـ سىم .

«قايىدىدۇر رەھىمجان، مۇشۇ كۈنلەردە،
نېمىشقا ئۇنىڭدىن كەلمەيدۇ خەۋەر؟»

ئويلاپ مەرد ئېرىنى گۈلبۈۋى ھەردەم،
ئەندىشە ئىلكىدە كۆڭلى ئۆرتىلەر .

چاڭ قونغان چاچلىرى تېقىمىغىچە،
تاشلىنىپ تۇراتتى يېيىپ بىلىنى .
گۈل چېھرى سارغايدى، پۇچىلاندى تەن،
غەم - غۇسسە قاپلىغاچ ئۇنىڭ دىلىنى .

مەھەللە ۋە ياكى ئېتىز قىرىدا،
كۆرۈنەر ئىدى ئۇ پەرىدەك زىبا .
ئوت - گىياھ ئىچىدە ئۆسكەن يېگانە،
گۈل ئىدى ھەممىنى قىلغان مەھلىيا .

قاراپ قىز، ئوغلىغا تۇرار گۈلبۈۋى،
سۇغارغان مايسىدەك كىرپىكلىرى نەم...
كىتابخان، بولدى بۇ رەنانىڭ ماڭا
كۆزلىرى سىيادان، قاشلىرى قەلەم...

* *

... گۈلبۈۋى ھەر كۈنى كېلىپ ئېتىزغا،
چانايتتى ئۆزىلا يەرنى كەتمەندە .
ئولتۇرۇپ بەزىدە سېغىنىپ يارنى،
ئۇھ، تارتىپ قوياتتى ھېرىپ كەتكەندە .

قايتاتتى كۈن كىرىپ كەتكەندىلا ئۇ،
تاڭاتتى باغرىغا ئوغۇل - قىزىنى .
ئۇ چولپان تۇغقاندا چىقاتتى ئىشقا،
تۆكەتتى جاپاغا چىداپ تەرىنى .

قىشتا توڭ قومۇرۇپ چاپسا ئۇ زەيكەش،
قوش ھەيدەر دەرمانى قۇرۇپ باھاردا .
ئۇلاشماي ئورمىغا، تۇگەر ئوزۇقى،
توشمىغاچ دارامەت كۈزدە تاغارغا .

ئۆتكۈزۈپ كۈنلەرنى، ئايلارنى شۇنداق،
كەتكەنتى گۈلبۇۋى جۇدەپ ـ تارتىلىپ .
ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى يامان كۆز،
سىقىلغان باغرىغا مىختەك قادىلىپ .

«ئاتىسى بولاي مەن ئوغۇل ـ قىزىڭنىڭ،
راھەتكە چىقىسەن» دەر ئىدى سايىم .
ھېچ ئارام بەرمەيتتى كىرىپ كەينىگە،
گۈلبۇۋى ئۇنىڭدىن قىلاتتى ۋايىم .

نومۇسسىز مەخلۇققا گەپ ياندۇرۇشنى،
گۈلبۇۋى نومۇس دەپ چىقارمايتتى ئۈن .
غەزەپلىك چېھرىدىن ياغدۇرۇپ نەپرەت،
سايىمنى ئەلەمدە قوياتتى ھەر كۈن .

گۈلبۇۋى ئەيۋەشكە كەلمىگەچ پەقەت،
ئەمگەككە سالاتتى قەستەنگە زورلاپ .
چاقاتتى چاياندەك كۆرگەنلا يەردە،
«بۇزۇقنىڭ خوتۇنى بۇزۇق...» دەپ خورلاپ .

«رەھىمنى سەن نەگە قاچۇردۇڭ، ئېيت؟!» دەپ،
بۇ ساپ دىل ئايالنى تارتتى كۈرەشكە .
جاۋابى «بىلمەيمەن!» ئىدى ھەر قېتىم،
ئايلىنىپ غەزەپتىن كۆزى ئاتەشكە .

ئالمدەك مەڭزىگە تەگدى ياۋۇز قول،
يۇلۇنۇپ تاشلاندى سۇمبۇل چاچلىرى .
مەلئۇنلار ئۇنىڭدىن ئالالماي جاۋاب،
كۆلپەتنىڭ ئىچىگە ئۇنى تاشلىدى .

*　　　*

كىچىسى ياندىكى قوشنا هويلىدىن،
ئاۋازى ئاڭلانسا سادىق ئاكىنىڭ!
گۈلبۈۋى چىقاتتى ئۇنىڭ ئالدىغا،
سۆيۈنۈپ يۈرىكى شۇ ياش ئانىنىڭ .

تەسەللى تاپاتتى ئۇنىڭ سۆزىدىن،
ئۈزۈلگەن ئۈمىدى ئۇلىنىپ قايتا .
ئۇن بىلەن ياغ ئېلىپ كەلدى كۆپ قېتىم،
هال سوراپ ئۇلاردىن، بولۇپ باشپاناھ .

غېمى ئاز ئەمەستى سادىق ئاكىنىڭ،
باساتتى تاغ بولۇپ بېشىنى قالپاق .
«هوقۇقدار» دەپ قارغاپ سايىملار ئۇنى،
مەجبۇرىي ئىشلىتىپ خورلايتتى شۇنداق .

بۇ پاك قەلب ئىگىسى تۇتۇپ ئۆزىنى،
بوي بەرمەي، ئېگىلمەي كەلدى داۋامەت .
دېهقانلار دەر ئۇنى: سىكرېتارىمىز —
چىن دىلدىن كۆيۈنەر بىزگە كارامەت .

گۈلبۈۋى مىننەتدار سادىق ئاكىدىن،
ۋە لېكىن رەھىمدىن قىلار ئەندىشە .

ياخشى ئەر خوتۇنغا تاغدەك يۆلەنچۈك،
ئەر ئۈچۈن سائادەت — سادىق رەپىقە .

*          *

ئەمگەكتىن كەچ قايتتى گۈلبۈۋى بۈگۈن،
كۆردى قىز ـ ئوغلىنى قازان بېشىدا .
زاك ئېتىپ پىشۇرۇپ قويۇپتۇ ئۇلار،
ئەسقاتتى دېگەن شۇ — ئۆينىڭ ئىشىغا .

سۈيىنىپ گۈلئەنبەر سالدى داستىخان،
قازاننى كۆتۈرۈپ كەلدى مىرئادىل .
گۈلبۈۋى تاۋاققا ئۇستى بۇ ئاشنى،
ئۆز پەرزەنتلىرىگە بولدى ئۇ قايىل .

زاك ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇرۇنقى ئىشلار،
بىر ـ بىرلەپ كەلمەكتە ئۇنىڭ يادىغا:
كۆتۈرۈپ سەھەردە بۆشۈكنى رەھىم،
چىقاتتى گۈلبۈۋى بىلەن ئېتىزغا .

«ئىگە!» دەپ تېلىقىپ كەتكەندە بوۋاق،
ياش ئانا كېلەتتى كۆكسىنى ئېچىپ .
يىغىسى ئەۋج ئالار ئاۋۇماي سۈتى،
تارتىلىپ كەتكەن قوش ئەمچەكنى ئېمىپ .

يېدۈرۈپ قوياتتى زاغرىنى چايناپ،
ئاغزىدا ئىچۈرۈپ ئېرىق سۈيىنى .
كەتمەننى قولىغا ئالاتتى يەنە،
يۈرەك پارىسىدىن ئالماي كۆزىنى .

مىرئادىل، گۈلئەنبەر بوۋاق ۋاقتىدىن،
چىقاتتى ھەر كۈنى ئەمگەككە بىللە .
ئۆستى بۇ قىز ـ ئوغۇل ئاپتاپتا پىشىپ،
سوغۇقتا چىنىقىپ، كەلگەندە چىللە .

رەھىمجان سەپەرگە كەتكەندىن بىرى،
گۈلبۇۋى كۈنبويى تارتتى يالغۇزلۇق .
ھىلىمۇ ئىت، مۈشۈك بېقىپ قويغانىكەن،
بولدى شوخ باللار ئۈچۈن ئويۇنچۇق...

بېشىدىن ئۆتكەننى ئويلاپ بولالماي،
ئۇھ تارتتى گۈلبۇۋى باغرى ئۆرتىنىپ .
«مياڭلاپ» ئانىغا قايرىلىپ باقتى،
ئوماق قىز گۈلئەنبەر ئۈنى كۈلدۈرلۈپ .

مىرئادىل مورىغا باش تىقىپ شۇئان،
«دادا!» دەپ توۋلىدى، ئىت قاۋاپ كەتتى.
ئانىنىڭ ئۇلارغا كەلدى مەستلىكى،
يىقىملىق قىلىقى بەك ياراپ كەتتى .

كۈندۈزى ئىشتىكەن تىل، دەشنەم ـ ھاقارەت،
قاراپ قىز ـ ئوغلىغا ئۇنتۇلار تۈندە .
قەھرىتان قىش ئۆتۈپ، كەلگەندە باھار،
ئويلايتتى رەھىمنى گۈلبۇۋى كۈندە .

مىرئادىل توققۇزغا كىردى مۈشۈ ياز،
تېخىچە غۇنچىدەك قىزى ئالتە ياش .
مال ـ دۇنيا، پەرزەنتتىن ئەمەستۇر ئارتۇق،
ئەمەستۇر ھەم ئىسسىق ئانىدىن قۇياش...

## توققۇزىنچى باب  كېچىدىكى پاجىئە

تومۇزنىڭ ئاپتىپى چاچاتتى يالقۇن،
قالغانتى كۆك بارالىڭ چاڭقاپ سولىشىپ .
ھويلىغا سايىسى چۈشكەن قوم ئامۇت،
تۇراتتى مەي باغلاپ شاختا تولۇشۇپ .

گۈلبۇۋى ئورمىدىن كەلدى ھالسىراپ،
كەينىدە مىرئادىل كۆتۈرۈپ ئورغاق .
ئۇلاردىن قېپقالماي كەلدى گۈلئەنبەر،
چىلەك تۇتۇپ قولىدا بىر سىقىم باشاق .

قاپاقتىن سۇ قۇيۇپ ئىچىپ ئۇچەيلەن،
سەگىنتى چاڭقىغان يۈرەكلىرىنى .
قانمايتتى گۈلبۇۋى باغرىغا بېسىپ،
شۇ ئوماق ياش غۇنچە ـ يۈرەكلىرىنى .

ئېغىر بىر قايغۇغا چۆكۈپ مۇشۇ دەم،
ئۇھ دەيتتى گۈلبۇۋى قەلبى مۇجۇلۇپ .
نېمە ئىش بولغاندۇ ئانىغا زادى،
چىرايى بۆلەكچە كەتكەن تۇتۇلۇپ؟

قاراپ گۈلبۇۋىگە دېدى مىرئادىل:
«ئانا، چاي ئىچىۋال، خاپا بولمىغىن»
«قانداقمۇ نان ئۆتسۇن گېلىمدىن بالام،
ۋاي ئەمدى كىم خەۋەر ئالىدۇ بىزدىن .»

نېمىشقا قان يىغلاپ قايغۇرمىسۇن ئۇ،
يېقىن غەمخارىدىن ئايرىلىپ قالسا .

«ئىغۋاگەر ئاسىي» دەپ سادىق ئاكىنى،
باغلاپ قول ـ پۇتىغا ئىشكەلنى سالسا .

شۇڭا گۈلبۇۋىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلار،
ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ جاندىن ـ جاھاندىن .
بۇ مۇدھىش ئازابتىن قاچان قۇتۇلار؟
پارىلداپ ھەر كۈنى تۇغار قاياندىن؟

*　　*

كۈز كەلدى ۋە يەنە تۆكۈلدى ياپراق،
رەھىمدىن ئۈچۈر يوق، گۈلبۇۋى يىغلار .
چىداشقا تاقىتى قالمىدى ئۈنىڭ،
ھەر كۈنى ئازاردىن كۆڭلى بىر سۇنار .

ئاخشام، يۇرت ئىچىنى باستى قاراڭغۇ،
نە يۇلتۇز ۋە نە ئاي كۆكتە كۆرۈنمەس .
ئىت قاۋار، ئىچىرقاپ مۆرەيدۇ كالا،
نېمىشقا نۇرلىنىپ ئاسمان سۈزۈلمەس؟

بۇ كېچە گۈلبۇۋى ئوغۇل ـ قىزىنى
ياتقۇزۇپ يېنىدا ئۇيقۇغا كەتتى .
چىرمىشىپ چۈشىدە يىلان ئۈنىڭغا،
گوياكى ئادەمدەك زۇۋان سۈرەتتى...

«رەھىمجان!» دەپ توۋلاپ ئويغاندى چۆچۈپ،
شۇ چاغ بىر قول كېلىپ باستى ئاغزىنى .
«جىم يېتىڭ، مەن سايىم...» كەلدى بىر ئاۋاز،
سىلىغان شۇمدۇ ئۈنىڭ باغرىنى؟

گۈلبۈۋى تۇردى دەس چاچراپ ئورنىدىن،
سايىمنى ئىرغىتىپ تاشلىدى يەرگە .
«چىق يوقال!» دەپ بېرىپ ئىشكنى ئاچتى،
ۋەھىمە ئىچىدە چۆمۈلدى تەرگە .

سايىم قولچىراغنى يېقىپ، ئوچاقتىن،
كۆل ئېلىپ گۈلبۈۋى كۆزىگە ئاتتى .
يەردىكى كەكىنى ئاتقاندا سايىم،
تېگىپ گۈلبۈۋىنىڭ بېشىغا پاتتى .

بۇ ئارىسىز ئەبلەخمۇ چىقىپ كەتتى تېز،
مىرئادىل كەتمەننى ئېلىپ قوغلىدى .
«بولدى يان، جان بالام!» دېدى گۈلبۈۋى،
شۇ ھامان چاقىرىپ قەيسەر ئوغلىنى .

قارىسا گۈلئەنبەر يېقىپ چىراغنى،
ئىشكتە توم زەنجىر يوق ئىدى، ئەجەب .
مىرئادىل پەيلىدىن ياندى ئاخىر،
غەزەپتىن بوغۇلۇپ دېدى: «توختا، خەپ!...»

بۇ كېچە نېمىشقا قاۋىمايدۇ ئىت؟
لېكىن ئۇ يېتىپتۇ ئۆلگەن پېتىلا .
سايىم ئىت باغرىنى يېرىپتۇ كېلىپ،
ئىت قېنى تولۇپتۇ پۈتۈن ھويلىغا .

كۆل كىرىپ ئېچىشىپ كەتكەن كۆزىنى،
يۇدى سوغ سۇ بىلەن گۈلبۈۋى قاقشاپ .
تامچىلاپ قان ئېقىپ تۇرغان بېشىنى،
تاڭدى ھەم مىرئادىل ئەلەمدە يىغلاپ .

*　　*

نومۇستىن ئۇيۇلۇپ كىشىگە تىنماي،
ساقلىدى گۈلبۈۋى دەردىنى يۈرەكتە .
ئەتىسى كۆزلىرى يۇلتايدى ئىششىپ،
كۆرەلمەي ھېچكىمنى پاتتى ھەسرەتكە .

قاپاقنىڭ لېشىنى تېگىپ نەچچە كۈن،
كۆزلىرى ئېچىلدى يېنىپ ئىششىقى .
ساقايدى ۋە لېكىن ئەما بولۇپ ئۇ،
«تەقدىر بۇ» دەپ ھېچكىم سىرنى بىلمىدى .

ئېچىنى ئاغرىتىپ ھەقەمسايىلەر،
ھال سوراپ ھەر كۈنى ئاش ئېلىپ كىرەر .
بۇ خورلۇق، بۇ كەبى بەختسىزلىكتىن،
ملىڭ يېنىپ، ملىڭ ئۆچۈپ ئانا ئۆرتىنەر .

دەرياغا ئۆزىنى ئاتسۇنمۇ ئەمدى؟
ئېسىلىپ ئۆلسۇنمۇ تاپالماي ئامال؟
ئەي پەلەك ئۇنىڭغا نېمە چارە بار؟
بولدى گۈلبۈۋىگە ئەجەبمۇ ئۇۋال .

...

ئېلىپ قىز ـ ئوغلىنى بىر تاڭ سەھەردە،
«قايدىسەن رەھىم؟» دەپ قىلدى ئۇ سەپەر .
چاك تامدا ۋىچىرلاپ جۇپ قارلىغاچلار،
ئۇزاتتى
قان يىغلاپ: قەيەرگە كېتەر؟

ئۈزاتتى شىلدىرلاپ ئىشىك ئالدىدا،
شاخلىرى قۇرۇغان ئۈجمە دەرىخى .
ئۈزاتتى ئۈلارنى ياش تۆكۈپ چولپان،
مۈگلىنىپ قالدى شۇ غېرىب كەپىسى...

*　　　*

گۈلبۈۋى مىڭ تەستە كەلدى قەشقەرگە،
باقتى قىز ـ ئوغلىنى نان تىلەپ ئۈچ ۋاق.
نائىلاج دىۋانە بولدى شەھەردە،
بوپقالدى ئۈلارنىڭ ماكانى ھېيتگاھ .

گۈلبۈۋى كۈتكەن تاڭ قۇياش چاقناپ،
ئۆزىنى باسالماي چۆمدى شادلىققا .
مۇبارەك قۇربان ھېيت كۈنى ھېيتگاھ،
رەھىمنى قايتىدىن تاڭدى باغرىغا .

مۇنارنىڭ تۈۋىدە تۈرۈپ ئىككىسى،
مۈگدىشىپ بىر ـ بىرىگە، قانداقمۇ قانار؟
دەيتتى گۈلبۈۋىگە قاراپ رەھىمجان:
«غەم قىلما ئەزىزىم، كۆزۈڭ ئېچىلار .»

گۈمبۈرلەپ چېلىنار پەشتاقتا ناغرا،
ھېيت قىلار ئادەملەر سوراپ ئامانلىق .
دەردمەنلەر شاد كۈلۈپ يايرىغان چاغدا،
بولدى شۇم مەلئۇننىڭ جايى سامانلىق .

*　　　*

گۈمبۈرلەپ چېلىنار پەشتاقتا ناغرا،
ئوينايتتى سۆيۈنۈپ ياش ـ قېرى، ساما .

رەھىمنىڭ كۆزلىرى چۈشتى شۇ چاغدا،
گىرددىكى قىزارغان تونۇش چىرايغا .

«بۇ سادىق ئاكىغۇ، سىكرېتارىمىز...»
ئۇ دەرھال ئالدىغا ياردى يۈگۈرۈپ .
ھاياجان ئىچىدە ئاتا ـ بالىدەك،
باغرىنى يېقىشىپ كەتتى كۆرۈشۈپ .

ئاقلىنىپ تۈرمىدىن چىققان بۇ ئادەم —
بۇ ۋىجدان ئىگىسى، بۇ باتۇر دېھقان،
بۇگۈن ئۆز يۇرتىغا كەتمەكچىدى،
قوينىنى كەڭ ئېچىپ كۆز تىكىپ تۇرغان .

رەھىمجان بېشىدىن ئۆتكەننى سۆزلەپ،
دېدى ئۇ: «ئەلدىن راست كەتتى زور بالا .
ئەگەر مەن شۇ كېچە غەپلەتتە قالسام،
بۇ يالغۇز بېشىمغا كېلەتتى قازا .

... ئۇخلىماي كۆزىنىپ ياتقان ئىدىممەن،
زەينەپخان پىچاقنى ياستۇققا سالدى .
بىر تەپسەم، ‹ۋايجان!› دەپ جاق چۈشتى ئوڭدا،
مەن ئادەم چاقىردىم، ئۇ داغدا قالدى...

بىردەمدە ئۆيگە لىق تولدى كىشىلەر،
چەمبەرچاس باغلاندى ئالدامچى خۇپسەن .
ئاينىغانىكەن ئۇ، ئىسيانچى بولۇپ،
پۇل ـ مالغا بىرلىگەن قاتىل ئوغرىكەن...

پارتىيە يەتكۈزدى بىزنى بۇ كۈنگە،
كۆرۈشتۇق سالامەت، ۋەسلىڭگە يەتتىم...»

گۈلبۈۋى رەھىمنىڭ سىلاپ قولىنى،
دېدى: «سەن كەلمىسەڭ مەڭگۈ كۆتەتتىم...»

سۆزلىدى شادلىنىپ سادىق ئاكىمۇ:
«مەن ياتقان تۈرمىگە سايىم قامالدى.
كۆردۈم قول - پۇتىغا چۈشۈپتۇ كىشەن،
ئۇ مېنى كۆرگەندە بېشىنى سالدى.

ھۇزۇركەن غەزەپلىك كۆز بىلەن قاراش،
ئۆلۈكتەك تۇس ئالغان ياۋۇز تەلەتكە.
كۆزلىسە كىمىكى ئۆز راھىتىنى،
بۇرۇنراق بارىدۇ مۇدھىش ئەھەتكە...»

*　　*

رەھىم گۈلبۈۋىنى ماڭدى يېتىلەپ،
كەتتى قىز - ئوغلىنى ئېلىپ يۇرتىغا،
باغ بىنا قىلىدۇ تەر تۆكۈپ ئۇلار،
شۇ خاراب ۋەيرانە كەپە ئورنىدا...

## خاتىمە

ھېيتگاھدا ھېيت كۈنى ئۆتىدۇ شۇنداق،
بەخش ئېتىپ كىشىگە خۇشلۇق ۋە مۇراد.
مىڭلىغان يولۇچى كۆرۈشۈپ دىدار،
ھەر يانغا يول ئېلىپ قورىدۇ ھايات...

داستانىم تۈگىدى دېسەم، كىتابخان!
ئايغى قېنىكىن دەرسىز ئالدىراپ.

مەن سوراي ئېيتىڭچۇ بۇ غالىب دەۋران،
ئاچمىغان كۆز بارمۇ يۇكسىلىپ ياشناپ؟

1979 ~ 1983 ـ يىللار، قەشقەر



# بىباھا تۇپراق

ئۆزگە يۇرتتا شاھى تون ئىچرە قورۇنغان تەنلىرىم،
ئۆز ئىلىمدە يايرىغان كىيسەم كۆلاھۇجەندىمەن .

— تېيىپجان ئېلىيوف: «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل»

## مۇقەددىمە

بولمىغان قەلب زاتى ۋەتەن ئىلكىدە،
كىشى زەردىن تاغ ياسىسا، قىلسا باغ .
كۆڭلى پۈتۈن بولماس ھىجران دەردىدە،
ئۆتەر ئۆمرى يۈرىكىگە سېلىپ داغ .

بۇ قىسمەتتىن بىلىڭ دوستلار شۇ ئايان:
ۋىجدان، ئىمان ئەسلي ۋەتەن سۆيگۈسى .
ئەسقاتمىسا ۋەتىنىگە ھەر ئىنسان،
ئۇنىڭ كۈنى بىلەن پەرقسىز ئىت كۈنى .

سىياھ قىلىپ مۇساپىرنىڭ يېشىنى،
يازدىم داستان ئوقۇپ ئەلگە مەدھىيە .
ۋەتىنىدىن ئايرىلمىسۇن ھېچ كىشى،
ئەينەك بولۇپ بۇگۈنى ھۆر ئەتىگە .

1

شۇ كوچىدىن ئۆتەر سانسىز ماشىنا،
قۇرۇق ئەمەس ھەممىسىدە ئادەم بار .

كېتىۋاتقان ئىرىكچىلىك كويىدا،
شۇ ئادەملەر كۆزىدە بۇ ئالەم بار .

كېلەر يەنە شۇ كوچىدىن بىر كىشى،
مېڭىپ چاپسان تەگمەي يۇتى - پۇتىغا .
سۇتكە تولغان تۇلۇم كەبى خالتىنى،
قارماپ تۇتۇپ چىڭ قۇچاقلاپ قولىدا .

ئاق سانجىلغان چېكىسىدىن ئۇبقىپ تەر،
قىزىپ تۇرغان يۈزلىرىگە قۇيۇلار .
كۆزگە يىراق، دىلغا يېقىن شۇ قەدەر،
بىر دەرياغا چۆمۈلگەندەك تۇيۇلار .

بۇلۇتقا بوي سوزغان كۆركەم بىنالار،
نەزىرىنى تارتالمايتتى ئۆزىگە .
ئۇجمە سايە تاشلاپ تۇرغان بىغۇبار،
بالىخانىلىق ئۆي كۆرۈنەر كۆزىگە .

ھېچ تامانغا باقماي ئۇيلاپ كېلىدۇ،
يۇراپ قويۇپ خالتىنى ئۇ گاھىدا .
ۋۇجۇدى بىر شېرىنلىكنى سېزىدۇ،
كۆكچى تىلىپ يېگەندەك ئۈز دالادا .

خالتىدىكى گۆھەرمىدۇ، پۇلمىدۇ،
نەگە بارار تېڭىپ ئۇنى باغرىغا .
جاۋىغىيىدىن شۆلگەي سىرغىپ تۇرىدۇ،
كۆزى چۈشكەن كەبى ئەنجۈر، ئالمىغا .

كىرا قىلىپ چۈشكەن بولسا پىكاپقا،
بارار ئىدى مەنزىلىگە تېز يېتىپ .
چارچىسىمۇ ماڭار يار ـ يار ھارۋىدا،
ناخشا توۋلاپ ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىپ .

چارچىسىمۇ ماڭار يۈگۈرۈپ، ھۆمۈدەپ،
قارىچۇقىدا چاقنار پىراق ئۇچقۇنى،
شۇ ىرلايدۇ قۇلىقىغا ھىلپىرەپ،
ئۆز يۇرتىنىڭ جېچەكلىگەن يۇلغۇنى .

بۇراپ ماڭار خالتىغا ئۇ يۇز يېقىپ،
ئىپار، رەيھان بۇيى كېلەر گۈپۈلدەپ .
ئۇھ تارتىپ دەر يۈرەك ـ باغرى ئۆرتىنىپ:
«مەن يۈرۈيمەن قەيەرلەردە تەمتىرەپ .

بۇ كىچىك بوز خالتىدىكى پاك توپا،
يۇرتۇم، ئەزىز قۇچىقىڭدىن ئېلىنغان .
پەرزەنتلىرىڭ قاتارىدا ئۇنىڭغا،
كىندىك قېنىم، يارىم قېنى قېتىلغان...

مانا بۈگۈن ئەزىز يۇرتۇم توپاڭنى،
يىراق ئەلدە مەن كۆتۈرۈپ بارىمەن .
باش ـ كۆزۈمگە ئۇرۇلغان چاڭ ـ توزاڭنى،
بۇ خالتىدىن ھەم سۈمۈرۈپ بارىمەن .

ئۆمىدىنى يەردە قويماي ئاتامنىڭ،
تىلىكىمنى سەلكىن شامال ئۇچۇرماي .
روھىن يوقلاپ رەھمىتى جان ئانامنىڭ،
ئەۋەتىپسەن تۇپرىقىڭنى يوشۇرماي .

ئۇچقۇ بىلەن ئىستانبۇلغا تۇنجى رەت،
كەلدى توپاك پەرۋاز قىلىپ پەلەكتە .
ھايات ئۇچۇن ھەممىدىنمۇ جان قىممەت،
بولدى توپاك جاندىن ئەلا سەپەردە .

كەلدىم ئۆيدە ماشىنامنى قالدۇرۇپ،
تۇپرىقىڭنىڭ ھۆرمىتىنى قىلاي، دەپ .
چوك - كىچىكنى ھەيران - ھەس قالدۇرۇپ،
بۇ توپاڭنى تاۋاپ قىلىپ ماڭاي، دەپ .

رەھمەت يۇرتۇم! بۇ توپاڭنى كۆتۈرۈپ،
پەخىرلىنىپ ماڭسام مەڭگۈ ئەرزىيدۇ .
باش ئەگمەيمەن! «ۋەتەنسىز» دەپ چۆكۈرۈپ،
ئەمدى بىراۋ توسۇپ كۆكرەك كەرسىمۇ .

مۇساپىرمەن كىلىپ قالغان بۇ ئەلگە،
بىراق زىنھار مەن ۋەتەنسىز ئەمەسمەن .
ۋەتىنىم بار كۇنگە ماكان ئۇ شەرقتە،
قارلىق تېغى كۆك ئاسماننى تىرىگەن .

رەھمەت يۇرتۇم! شەرەپ ماڭا توپاڭنى،
يۇرىكىمگە تېڭىپ ماڭسام پىيادە .
ئۇنتۇمايسەن ئازغان مەن بۇ بالاڭنى،
كۆڭلى يېرىم شور پىشانە، بىچارە .

رەھمەت يۇرتۇم! بىلدۇردۇڭسەن قەدرىڭنى،
شان - شۆھرىتىڭ داڭ كەتكەندە جاھانغا .
رازى ئىدىم كۆرۈپ ئۆلسەم ۋەسلىڭنى،
ياشلىق ئىزىم قالغان ئەلۋەك ماكاندا .

ۋەتەن بىلەن ئىكەن ئادەم ئەركىمۇ،
ھۆرمىتى ھەم، ھوقۇقى ھەم، بەختى ھەم.
ئۆز ئېلىدە چەككەن جاپا ـ جەبرىمۇ،
راھەت ئىكەن يۇرتۇم سېنى ئەسلىسەم.

توپاڭنى تېز ئېلىپ بېرىپ ياشانغان،
سۈرەي خىرە كۆزلىرىگە ئاتامنىڭ.
ئاھ! جان ئۈزگەن تويىماي قاراپ سەن تامان،
چاچاي مۇڭلۇق قەبرىسىگە ئانامنىڭ...»

ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ كېلەر يولۇچى،
ئوي ـ پىكرىدەك قەدەملىرى ئىنتىكلەپ.
چىرايىغا ئۇرغۇپ چىقتى غۇرۇرى،
ياتسىرىغان ۋۇجۇدىنى ئەيىبلەپ.

2

بايان قىلاي ئەمدى سىزگە كىتابخان،
بۇ ئادەمنىڭ ئۆتمۇشىدىن ئېچىپ بەت:
... زىنىنخىدا قىزىل غۇنچە ئېچىلغان،
ياش قىز ئوينار باغ ئىچىدە ھۆر سۈپەت.

ئالمىشاتنى تال ـ تال ئۆرۈم چاچلىرى،
ئېگىشكەندە پۇتلىرىغا چىرمىشىپ.
قول ئۇزارتسا ئۈزەي دەپ ئاق ئالمىنى،
قالار ئىدى شاخلىرىغا ئىلىنىشىپ،

شۇ چاغ سەكرەپ چۈشتى باغنىڭ شورىدىن
بىر ياش ئوغۇل بىغەم قىزنى چۆچۈتۈپ،

«راخمان، نېچۈن كىرمىدىڭ باغ ئىشكىدىن،
ئوغرىمۇ سەن؟»... دېدى ئۇ قىز ئۆيىنىشىپ .

«رەيھان، مېنى سەن ئوغرى دەپ تىللىما!»
دېدى ئوغۇل تەگلەپ ئاڭا مۇشتىنى .
قاچتى قىزمۇ ئېرىق ئاتلاپ دالدىغا،
باغ ئىچىنى بىر ئالدى شوخ كۈلكىسى .

چاقناپ غەزەپ قوي كۆزىدە راخمانىنىڭ،
تۇتۇۋېلىپ ئۇردى قىزنىڭ يۈزىگە .
كېلىپ شۇ چاغ ئاچچىقى بەك رەيھانىنىڭ،
لۆممىدە ياش تولدى ئاھۇكۆزىگە .

قويۇۋەتتى يىغلىغاندا ئۈن سېلىپ،
راخمان قىزنىڭ چاچلىرىنى شۇ زامان .
«خاپا بولما» دېدى ئاستا يېلىنىپ،
يا كېتەلمەي، يا تۇرالماي پەرىشان .

تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى خۇيلىنىپ،
جىنەستىدەك لەۋلىرىنى پۈرۈپ قىز .
دوپپىسىنى توغاچ بىلەن تولدۇرۇپ،
ئېلىپ كەلدى قىز ئالدىغا راخمان تېز .

گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك دېدى «يە!»،
پىستىگىدە كۈلدى رەيھان سۇنۇپ قول .
گاھ ئۇرۇشۇپ، گاھ يارىشىپ، كۆگلىگە
ئالدى ئوتنى تۇتاشتۇرۇپ قىز ـ ئوغۇل .

ئۆز شېخىدا بۇ قوش نوتا تارتتى بوي،
يەلپۈپ ئۇلۇق مۇھەببەتنىڭ شامىلى .

قاچۇرار قىز ئۈيقۇسىنى شېرىن ئوي،
ناخشا ئېيتسا قوشىنىسىنىڭ بالىسى .

ئەمدى شورىدىن راخمان ئاتلاپ ئۆتەلمەس،
تامغا قاشا ئېتىلگەندۇر تىكەندىن .
ئەمدى رەيھان ئەركىن ئوينىپ يۈرەلمەس،
بوشمايدۇ قولى قاچا ـ لېگەندىن .

بويسۇنماس ئىشق ئىرادىگە، تەقدىرگە،
دىدارىغا تەلپۈنەر قىز راخمانىنىڭ .
بالىخانىدا چۆمۈپ ئويغا ـ پىكىرگە،
جامالىنى ئىزدەر يىگىت رەيھانىنىڭ .

ئاشىق دىللار ئۇلار سۆيگۈ رىشتىنى،
بىر ـ بىرىگە چۈشكەن مەپتۇن كۆزلەردىن ،
ئىزھار قىلار زۇۋان سۇرمەي ئىشقىنى،
كۆز نۇرلىرى ئايان قىلغان سۆزلەردىن .

ئۆتەر شۇنداق كۈن ۋە ئايلار تەلمۈرتۈپ،
قىز يىگىتنى شامۇسەھەر يىراقتىن .
قالسا گاھى ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ،
كەلمەس سۆزگە كۆيگەن تىلى پىراقتىن .

كەتتى يازمۇ بار كىشىنى تەرلىتىپ،
كەلدى سەمەن باغلىرىغا ئالتۇن كۈز .
چۆكتى بىردىن گۈل قەددىنى غەرق قىلىپ،
ئاچچىق ھەسرەت دەرياسىغا مەپتۇن كۆز .

داپ چېلىنىپ كېرىم ئۇستام بېغىدا،
ئاش تارتىلار مېھمانلارغا تۇشمۇتۇش .

بولغان تويدىن ئۆلۈم ياخشى رەيھانغا،
ياتار شۇ دەم ھويلىسىدا ئۇ بىھوش .

جىلە بولۇپ نوقۇپ سۆزلەر ئانىسى:
«جۇۋاينىمەك! نومۇس قىل يۇرت ئالدىدا .
تۇراپ بىلسەڭ كاتتا باينىڭ بالىسى،
نېمە دەيتتۇق سېنى ئۆزى تاللىسا .

خوش - خوش بىلەن دەسلەپ ئەلچى كەلگەندە،
بىلسپ قويغىن! بەرگەن ئاتاڭ رازىلىق .
ئويناپ كۈلگىن بەختىڭگە سەن يەتكەندە،
تېپىپ بەرمە قىزىم بىزگە خاپىلىق .

تارتىشمىغىن ئەمدى بەگباش راخمانغا،
يېپىلماستىن ئىككىڭنىڭ سۆز - چۆچىكى .

بۇ توي بولۇپ يەتتۇق كۆتكەن ئارمانغا،
ئېچىلدۇ بەختىڭنىڭ گۈل - چېچىكى .
نىكاھ غايىب، رىزقى غايىب جان قىزىم،
بىكار ھەسرەت چەكمە يىغلاپ، خان قىزىم .»

× ×

گاھى تىلدىن بال ئېقىتىپ يالۋۇرۇپ،
گاھى تىلنى بىگىز قىلىپ سانجىلىپ .
قىلسا ئانا ئاغزى تالماي نەسىھەت،
قىز ئاڭلىماس ھەر تەرەپكە تاشلىنىپ .

قىز ئاڭلىماس، ئاشىقنى ياد ئېتەر،
دېرىزىگە باقار ياشلىق كۆزلىرى .

شۇتاپ راخمان بالىخانىدا ئۆرتىنەر،
ئالىقىنىدا ياشقا چۆمگەن يۈزلىرى .

ئىرغىپ بىردىن تۇرۇپ پەسكە چۈشتى ئۇ،
توستى ئانا پەرزەنتىنىڭ ئالدىنى .
«جىنىم ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى تۇت، بۇ ئىشمۇ
پېشانەڭگە ئول خۇدانىڭ يازغىنى...»

كىرىپ كەلدى ئاتىسىمۇ شۇ چاغدا،
(كەتكەنتى توي سورۇنىغا ئۇ سەھەر) .
قاراپ تۇرۇپ قالدى بىر پەس ئوغلىغا،
قوشۇمىسى تۈرۈلدىغۇ، نېمدۇر؟

قارا چىگىل ساقىلىنى بىر سىلاپ،
ئەيىبلىدى يالغۇز ئوغلى راخماننى .
پەرزەنتىدىن چىقماي ھالا بىر جاۋاب،
ئاچچىقلىنىپ قويۇپ بەردى زۇۋاننى:

«نېمانچىلا ئۆكۈپ كەتتى چىرايىڭ،
كۆزلىرىڭگە قان تولۇپتۇ ۋەھىملىك .
بۇزۇلۇپتۇ ھاۋاسىمان ئەلپازىڭ،
كۆرۈندۇڭسەن ماڭا شىردەك قەھىرلىك .

غەزەپتىنمۇ، قورقۇشتىنمۇ ئېيتقىنا،
نى سەۋەبتىن سەن ئۈن چىقماي تىترەيسەن؟»
«ئەزىز ئاتا، تۈز سەپمگىن يارىغا»
دېدى يىگىت، «سەن دەردىمنى بىلمەيسەن .

ئۆيلىمەن ئېيتاي دېسەم مەن ساڭا،
شۇ سەۋەبكى، ئايرىلدىممەن بەختىمدىن .

زورلاپ ئېلىپ كەتسە رەقىب شۇ تاپتا،
ئازمامدىمەن قاراپ تۇرۇپ ئەقلىمدىن .

بىر ئېلىشاي! مېنى توسما، جان ئاتا...»
راخمان ماڭدى ئىشىككە قاراپ شۇ زامان .
«ئوغلۇم بولساڭ توختا دەرھال گەپ ئاڭلا!
ئوغلۇڭ ئەمەس دېسەڭ بارغىن، بول ئامان!»

توختىدى ئۇ، ئاتىسىنىڭ ئاۋازى
قۇلىقىدا ياڭراپ گۇلدۇرمامىدەك .
بارمىقىنى چىشلەپ يەرگە قارىدى،
تۆكۈلۈپ ياش كۆزلىرىدىن ئۈنچىدەك .

«بىلسەڭ، بالام، ھايات ئۆزى بىر قىمار،
ئۇتتۇرۇپسەن، بەدىلىنى تۆلەپسەن .
گۈل ئېگىلىپ قىلسا سېنى ئىختىيار،
ئۈزۈپ كۆڭۈل قاندۇرۇشنى بىلمەپسەن .

قوزغۇن ھامان تەڭ بولالماس بۈركۈتكە،
چۈشەن ئوغلۇم سەن ئارتۇقچە ئۇرۇنما .
يىگىت بولساڭ، بىراۋ ئۈزگەن بىر گۈلگە،
نەزەر سالما، مەردانە بول ئۇن چىقما .

بىلگەنىدىڭ ئارزۇيۇمنى جان ئوغلۇم،
كېتىمىزغۇ ئۇزاق ئۆتمەي ھەرەمگە .
بۇگۈن سەندىن — ئەپ ھالىڭدىن چۆچۈدۇم،
يەر قاسايتتىڭ ھاي بەرمىسەم ئۆزۈمگە .

ئاتالمىدىم سېلىم نازۇك دەپ بىكار،
كۆڭلۇم نازۇك، نازۇك قىلغان ھۇنىرىم .

بىرلەپ يىغقان ۋەجىم مېنىڭ خېلى بار،
تويۇڭنى چوڭ ئۆتكۈزۈشتۇر تىلىكىم .

خاتىرجەم بول جانجىگىرىم قايغۇرما،
مەن گېپىمدىن يانمىغانمەن، يانمايمەن .
باغ ـ هويلىنى پۇل قىلىپ تېز، يىراققا
بىز كېتىمىز، چەت ئەلدە ياغ چاپنايسەن...»

ئاتىسىنىڭ ئېيتقان سۆزى خەنجەردەك،
تەگدى ئۇنىڭ يۈرىكىگە، سالدى داغ .
لايىق جاۋاب تاپالمىدى ئوت يۈرەك،
ئوت يۈرەكنىڭ قات ـ قېتىدا قالدى داغ .

لام ـ جىم دېمەي بالىخانىغا چىقتى ئۇ،
باقتى ئۆجمە دەرىخىگە بەرگى يوق .
قاقشال شاخنى ئېگىپ ئويغا چۆكتى ئۇ،
«كىشى بارمۇ بۇ دۇنيادا دەردى يوق؟»

× ×

دەرەخلەرنىڭ پۇتىقىغا قوندى قار،
دالا ـ تۈزنى قاپلىدى قىش چېچىكى .
رەيهان ئۆيدە ئويغا چۆمۈپ ئولتۇرار،
ئاچچىق ياشقا تولغانىدى ئېتىكى .

چاي قايىنتار مۇزلۇق كۆلدىن سۇ توشۇپ،
نېمشقىدۇر كەلمەس قېنىپ ئىچكۈسى .
كەشتە ئىشلەر كۆڭلىكىگە مۇڭلىنىپ،
ياراشسىمۇ يوقتۇر ئۇنىڭ كىيگۈسى .

ئۇ ئاش ئېتەر ئوتتۇن يېرىپ، ئوت قالاپ،
كۆڭلى تارتماس مەززىلىك مانتا، ئۈگرىنى .
ئۇ سۇپۇرەر ئۆينى پاكىز تازىلاپ،
لېكىن كەلمەس يايراپ - كۈلۈپ يۈرگۈسى .

نېمىندۇر ئويلاپ ئىشىكنى ئۇ ئاچار،
قايتار كەلمەي تالا - تۈزگە چىققۇسى .
بۇلۇت لەيلەپ يۈرگەن كۆككە ئۇ باقار،
كۆرۈنمەس ھەم چاقناپ بەخت يۇلتۇزى .

باللىخانىلىق باغ تەرەپكە سەھەر - كەچ،
باقمىسىمۇ كېتىپ قالار كۆزلىرى .
«ئاجىز كەلدىم، ئارزۇلىرىم بولدى ھەچ...»
پاتماس ئۇنىڭ ئىچ - باغرىغا سۆزلىرى .

ئاچچىقلىنار قېيىنئاتا غۇدۇراپ:
«ئۇۋال قىلدى ئوغلۇمغا بۇ مۇز تەلەپ .»
غەزەپلىنەر قاپاق تۈرۈپ ھەم تۇراپ،
رەيھان باقسا ئاڭا ئوقۇپ مىڭ لەنەت .

تويدىن كېيىن ئۆتتى شۇنداق كۈن ۋە ئاي،
ھەمىشە مەست يۈرەر تۇراپ بەڭ چېكىپ .
قىماردىمۇ پۇل ئۇتتۇرۇپ چىدىماي،
ئۇراتتى ئۇ رەيھاننى سەت تىل سېلىپ .

ئويلاپ قىزىپ ئۆز - ئۆزىگە دەيتتى ئۇ:
«بىلگەنىدىم بۇ خوتۇندا بىر گەپ بار.»
بارا - بارا قىزىرىپ كۆزلىرىمۇ،
كۈنداشلىقى تۇتۇپ بولدى بىقارار .

زىمستانىنىڭ سوغۇق قارا كېچىسى،
يەرگە پېچاق سانجىپ دېدى رەيھانغا:
«خوتۇنلارنىڭ چۇپرەندىسى، ئېيت قېنى،
كۆڭلۈڭ كىمدە، كەلگىن چاپسان زۇۋانغا .»

رەيھان ئوقچۇپ تۇردى شۇئان ئورنىدىن،
باقتى نەپرەت ياغدۇرۇپ ئۇ غەزەپلىك .
تۇزەپ سۇمبۇل چاچلىرىنى باشقىدىن،
ئۆزۈپ - ئۆزۈپ جاۋاب بەردى ئەدەپلىك .

«ئاللا بەرگەن كۆڭلۈم شۇئان ئۆزۈمدە،
ئۇنى ھېچكىم بۇلغىيالماس، ئاڭلىغىن .
بىراق ساڭا قارىغان چۇپ كۆزۈمگە،
تىغىڭنى ئۇر، ئويۇپ ئوتقا تاشلىغىن .

ئىپلاس قولۇڭ تەگكەن قۇندۇز چېچىمنى،
بېشىم بىلەن قوشۇپ كەسكىن ھايالسىز .
سۆزۈڭگە سۆز قايتۇرغان بۇ تىلىمنى،
سۇغۇرۇۋال، بولاي مەڭگۈ زۇۋانسىز .

ئۇنىڭ ئىشتىكەن قۇلىقىمغا مىخنى قاق،
مەن ئاڭلىماي ئاۋازىڭنى خورلىنىپ .
سوقۇپ تۇرغان يۈرىكىمگە سال پېچاق،
ئالدىڭدا جان بېرەي ئاستا تولغىنىپ .

ساڭا تاماق ئەتكەن ئىككى قولۇمنى،
ئۈرۈپ سۇندۇر، كۆرسۇن قىزلار، جۇۋانلار .
نەس ئۆيۈڭگە مېڭىپ كەلگەن پۇتۇمنى،
ئۈزۈپ تاشلا ئىبرەت ئالسۇن ئايالالار...»

قىلسا تاشقا بۇ سۆزلەرنى رەيھانگۈل،
تاش ئېرىيتتى يېتىپ ئۇنىڭ دەردىگە .
بىراق، تەسىر قىلمىدى ھېچ بەتنىيەت —
باغرى تاشتىن قاتتىق تۇراپ قەلبىگە .

ئىت سۆڭەككە تاشلانغاندەك ئېتىلىپ .
ئۇ پىچاقنى ئالدى يەردىن ھايالسىز ،
ئارقىسىغا يېنىپ تامغا قىستىلىپ،
قالدى رەيھان ئۆي ئىچىدە ئامالسىز .

دولقۇنلانغان كۆكرىكىگە رەيھاننىڭ،
قەھرى بىلەن ئۇردى تۇراپ پىچاقنى .
بەختى ـ ئەركى بوغۇلغان ياش جاناننىڭ،
پارە بولغان يۈرىكىدىن قان ئاقتى .

«ئاھ خۇدا!...» دەپ يىقىلدى ئۇ شۇ زامان،
تۇردى يەنە تىرەپ يەرگە تىزىنى .
«بىر كۈن سېنى قىساس تۇتار شۇم چايان !»
دېدى غەزەپ ئىچرە رۇسلاپ بېلىنى .

ئۇ ئالدىغا ئۇزىتىپ قوش قولىنى،
چاڭگال سالدى قانخور تۇراپ كۆكسىگە .
ئۆز قېنىغا غەرق بولۇپ ئۇ يىقىلدى،
سانجىلغاندا پىچاق ئۇست ـ ئۇستىگە .

قالدى ئۇنىڭ يۇمۇلمىغان كۆزىدە،
نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئال بەلگىسى .
شۇ تاپ راخمان نېمە كويدا، قەيەردە،
ئەمدى قايدىن تاپار يارىنىڭ ۋەسلىنى؟

3

راخمان ئىدى شۇ يولۇچى چەت بىلەن
كېتىۋاتقان كۆزگە سۈرتۈپ خالتىنى .
(بەرگەنتى بۇ مۇساپىرغا خەت بىلەن —
ھەيران قىلىپ پوچتىخانا خادىمى) .

نەمخۇش، سۆرۈن مەرمەر دېڭىز شامىلى،
ئۇرۇلاتتى يۈزلىرىگە غۇرۇلداپ .
ھاياجاندىن باسالماي ئۇ ئۆزىنى ،
يىغلىۋەتتى يول ئۈستىدە بۇقۇلداپ .

گويا شەبنەم گۈل بەرگىگە چۈشكەندەك،
ئارام - ئارام يېشى ئاقتى خالتىغا .
كەلدى شۇئان سايە سالغان ئاق تېرەك،
قەشقەرنىڭ شۇ يېزىسى كۆز ئالدىغا .

كەلدى تۇمەن ئېقىپ تۇرغان ئۆركەشلەپ،
چۈمۈلگەنتى ئىشق ئوتىنى باساي دەپ .
سۇغارغانتى تىنماي ئاققان سۈيىدە،
ئېتىز، باغنى ئىشلەپ ھوسۇل ئالاي دەپ .

كۆز ئالدىغا كەلدى ياشلىق چاغلىرى،
گۈللەر چېكىپ قاتتىق تاشنى يونۇغان .
كەلدى ئويلار — دەۋكار ئۇستا ئاتىسى،
نەقش ئويۇپ بۇ تويىدا سۆۋىغان .

چۈشتى ئۆتمۈش ھالا ئۇنىڭ ئېسىگە،
پەيدا بولدى «پال» ئېتىپ بىر ئۇز چىراي .

نە چىرايكى، شەيدا قىلغان ھۆسنىگە،
بۇلۇت يىرىپ چىقىپ كەلدى تولۇن ئاي .

نە تولۇن ئاي بىر زىبا قىز كۆرۈندى،
كۆرۈندى ـ يۇ، ئوت كۆزىدىن ئاقتى قان...
گويا شۇ دەم راخمان قانغا چۆمۈلدى،
ئىچ ـ ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقتى دەرد ـ پىغان .

«مەن گۇناھكار ئانا يۇرتۇم ئالدىدا،
سىنى تاشلاپ كەتكىنىم چوڭ جىنايەت .
جۇرئىتىمنى يوقىتىپ مەن شۇ چاغدا،
مۇھەببەتكە قىلدىم ئېغىر خىيانەت .

جان بەرگەنتىڭ ئادەم ئېتىپ ئۆستۈرۈپ،
ئاقلالمىدىم بەرگەن ھالال سۈتۈڭنى .
تۇز بەرگەنتىڭ جىسمىمنى سەن كۆتۈرۈپ،
يارىمىدىم كۆتۈرۈشكە يۈكۈڭنى .

كۆز بەرگەنتىڭ جامالىمغا باقىن دەپ،
سۈرەلمىدىم گۈزەللىكىڭ پەيزىنى .
كۆزۈم ئوچۇق تۇرۇپ-ئەما بولدۇم زەپ،
كۆرەلمىدىم سۆيگەن يارىم ۋەسلىنى .

بۇرۇن بەرگەندىڭ مەندىن بۇي ئال دەپ،
داغدا قالدىم رەيھانىڭغا يېتەلمەي .
ئېغىز ۋە تىل بەرگەندىڭ ئۈستىلەپ،
يەپ نېنىڭنى كەتتىم «رەھمەت!» دېيەلمەي .

قۇلاق بەرگەندىڭ سۆزنى ئاڭلا، دەپ،
لېكىن مىنى ئەسىر قىلدى يامان گەپ .

قول بەرگەنتىلىك خالىس، ھالال ئىشلە، دەپ،
بىرەلمىدىم يىرىڭگە تەر تۆكۈپ نەپ .

پۇت بەرگەنتىلىك توغرا يولدا يۈرگىن دەپ،
مەن ئادىشىپ ياقا يۇرتتا خارلاندىم .
پۇتۇم بىلەن ئەمەس، بەلكى قەدىرلەپ
سەندە يۈرەي باش بىلەن دەپ زارلاندىم .

يۈرەك بەرگەنىدىڭ تۇرغان كۆيۈلدەپ،
بىرەلمىدىم مەن يۈرەكلىك ئىش قىلىپ .
ئۆتتى ئۆمرۈم مىۋە بەرمەي چېچەكلەپ،
ۋەھىمە، غەم ـ قورقۇش بىلەن يول بىسىپ .

ئاتا قىلغانىدىڭ ماڭا مۇھەببەت،
قالدى كۆڭلۈم قەپەسگە قامىلىپ .
يۈرۈيمەن ئاھ! بىسىپ مىنى شۇم غەپلەت،
مەن ۋەتەنسىز، مۇھەببەتسىز سانىلىپ .

يەتكەن بولسام،
يەتكەن بولسام قەدرىگە،
ئۆزۈڭ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتنىڭ .
ئايرىلماستىن قۇچىقىڭدىن مەڭگۈگە،
غەرق بولمايتتىم دېڭىزىغا ھەسرەتنىڭ .

ئەگەر شۇ چاغ غەيۇر بولسام ئارسلاندەك،
تۇرالايتتىم مەن تۇراپقا تاقابىل!
توزۇمايتتى ئۇ دىلرەبا خۇش پورەك،
مەقستىگە يېتەلمەيتتى شۇ قاتىل .

ئىرادەمدىن يانغاندىمەن نېمشقا؟!
بولغانىكەن مەن تۇراپنى ئۆلتۈرسەم؛
شۇ يارىمنى قويماي مۇدھىش ئازابقا،
غەيرىتىمگە شەيدا قىلىپ كۆلدۈرسەم؟

ئىرادەمدىن يانغاندىمەن نېمشقا؟!
مەيلى ئىدى قاتىل بولۇپ قامالسام .
ئەي ۋەتىنىم، كىشەن بىلەن باغرىڭدا،
كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ هارماي، مەن قالسام؟

بەختىم ئىكەن قانۇن بۇيرۇپ ئۆلۈمگە،
ئۆزۈمنى سوققان قىلىچ بىلەن چېپىلسام .
پاك جەسىتىم توپا بولۇپ بىر دۆۋە،
مول ھوسۇللۇق تۇپرىقىڭغا قېتىلسام .

ھېچ بولمىسا شۇ ۋاپادار نىگارىم،
ئۆتەر ئىدى مېڭىپ ئاستا ئۈستۈمدىن .
جەننەت بىلىپ ياتار ئىدىم، شۇ يارىم،
تىككەن كۆچەت ئۈنۈپ چىقسا كۆكسۈمدىن .

ئەزىز ئىلىم، سەنسىز ژاتىم، ئەقلىمنىڭ،
نە ھاجىتى! نە راھىتى! نە ئەجرى؟!
ۋەتىنىمدە ئېرۇر باينىڭ، يوقسۇلنىڭ
سائادىتى، بەخت ـ ئامىتى ھەم قەدرى!...

ئويلاپ تۇرۇپ قالغانىدى باياتىن،
چولڭ رېدىنىڭ غولىغا ئۇ يۆلىنىپ .
خالتىغا كۆز سىلىپ ئالدى ئېغىر تىن،
ئويغانغاندەك گويا تۈندە چۈش كۆرۈپ .

باش كۆتۈرۈپ ئويلىدى ھەم ئۇ يەنە:
«مىننەتدارمەن سەندىن ئاتا جان ئېلى!
بورانىڭدا ئاچ ـ يالىڭاچ ئۇچۇرماي،
ئاسرىدىڭ مال ـ مۈلۈك بېرىپ سەن مېنى .

ماكان بەردىڭ گۈزەل، ئەزىم شەھرىڭدىن!
ئاقتى يېشىم بىلەن تەرىم قوينۇڭغا .
بايلىق ئاتا قىلدىڭ ماڭا بەھرىڭدىن،
قەرزىڭ كۆپتۇر بۇ ئېگىلگەن بوينۇمدا .

لېكىن دەسلەپ كۆز ئاچقان بۇ ئالەمگە،
ۋەتىنىمنى ئۇنتالمىدىم، سېغىندىم .
ئەي ھۆر دىيار خورلانمىدىم باغرىڭدا،
نېمىشقىدۇر مەن ياتسىراپ قىسىلدىم .

ماگىنىتتەك تارتىپ مېنى، مەيلىمگە —
قويمىدى ئۇ ئانا يۇرتۇم — بۆشۈكۈم .
بەل باغلىدىم ساڭا «خۇش!» دەپ كېتىشكە،
ئۆز ئېلىمدە ئارام تاپقاي ئۆلۈكۈم .»

ماڭدى راخمان قەدىمىنى ئېلىپ تېز،
چوڭ كوچىدىن قايرىلدى ئۇ يان يولغا .
كۆرۈندى ھەم نادامەتتە كۆز تىكىپ،
ئاق چاچ بوۋاي يۆلەنگەن كۆك دەرۋازا...

4

سېلىم نازۇك دەپ ئاتالغان بۇ بوۋاي،
راھەت ئىزدەپ تاپقان جاپا ئۆزىگە .

يۇرتنى تاشلاپ چىققان باغرى تارتىشماي،
قىرىق يەتتىنچى يىلنىڭ باھار كۈنىدە .

ئەلھال قۇۋۋەت ـ مادارىدىن ئايرىلىپ،
ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ دۆڭ كۆزلىرى .
ئەمدى كىشى زەردىسىنى قايىنتىپ،
بۇرۇنقىدەك قوپال ئەمەس سۆزلىرى .

قىرىۋۇ چۈشۈپ شاپ بۇرۇتى ئۈستىگە،
تال ـ تال قارا ساقىلىمۇ ئاقارغان .
بۇلاق كۆزى ئېرىق ياساپ يۈزىدە،
قاقشال ۋۇجۇد ئېتىزىغا يامرىغان .

ئۆز ۋاقتىدا ئىزىدىن چاڭ ئۆرلەتكەن،
پۇتلىرىمۇ ئاقساپ قاپتۇ ماڭالماس .
نەچچە ئۆينى نەقىش چېكىپ گۈللەتكەن،
قوللىرىمۇ تىترەپ قوشۇق تۇتالماس .

ئاھ، بوۋاينىڭ كۆزى چۈشۈپ خالتىغا،
ئېگىشتى ـ يۇ، چۈشتى يانغا يىقىلىپ .
راخمان يۈگۈرۈپ كەلدى شۇئان ئالدىغا،
يۆلىدى ئۇ ھەسرەت بىلەن ئېچىنىپ .

يۈگۈرۈپ چىققان ئوغۇل ۋە قىز نەۋرىلەر،
ئېلىپ كىردى بوۋىسىنى ئۆيگە تېز .
كېلىن ـ ئانا داڭ قېتىپلا قالدى، ئاھ!
سۆز قىلىشقا ئاچالامدۇ ئۇ ئېغىز؟!

راخمان دەرھال بىر دورىنى يۇرىتىپ،
سالدى ئايرىپ بىر تال ئاتا ئاغزىغا .

قول - پۇتنى بوۋاي يىغىپ ئۇزىتىپ،
كېرىلدى - دە، كەلدى ئاخىر ھوشىغا .

ئۈچ قەۋەتلىك بۇ ئىمارەت ئۇز ئىدى،
پەلەمپىيى مەرمەر تاشتىن ياسالغان .
نەقىش چەككەن قاتار - قاتار تۈۋرۈكى،
ھەسەن - ھۈسەن كەبى رەڭدار سىرلانغان .

ئاق پەردىلىك دېرىزىسى — كۆزنىكى،
گۈل - چىمەنلىك باغ تەرەپكە قارايدۇ .
تام - تورۇسنى چاقناتقان گۈل - بېزىكى،
نەپىس ئەجەب، ھەر كىشىگە يارايدۇ .

ئوتتۇز يىلنى تىجارەتتە ئۆتكۈزۈپ،
بۇ بىناغا ئىگە بولغان شۇ بوۋاي .
يىلدىن - يىلغا تەمبەل قەددى پۈكۈلۈپ،
بولدى كېسەل يوچۇن دەردتىن قۇتۇلماي .

بىر ئاسقۇچقا قاما تۇماق ئېسىلغان،
يىغلاپ قارار قەدىناسىن ئەسلىسە .
بىر ئاسقۇچقا سالۋار تۇماق ئېسىلغان،
ئويچان باقار قىران چاغىن ئەسلىسە .

ئۆكۈندۈرەر ئېسىل زىبۇ - زىننەتلەر،
بارغانسېرى كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ .
راخمان بولسا بۇ بايلىقتىن يىرگىنەر،
كەتسەم، دەيدۇ ئۆز ئېلىگە تەلپۈنۈپ .

شۇ تۇيغۇدىن باشقا نەرسە دىلىغا،
سىغماي ياتار بوۋاي مانا كۆز يۇمۇپ .

ئاتا ـ ئانا، بوۋىسىغا، توپىغا،
قارىشىدۇ نەۋرىلەر جىم ئولتۇرۇپ .

«يۆلەڭلار» دەپ سېلىم ئاكا تەمشىلىپ،
كۆتۈردى سەل گەۋدىسىنى زورۇقۇپ .
ئوغۇل، كېلىن، باللارغا تىكىلىپ،
كۆزىنى چوڭ ئاچتى ئاران كۈچىنىپ:

«مەن ئولتۇرغان مامۇق سافا تېنىمگە،
ياتتى ئەجەب، باللىرىم، قاقشىتىپ .
تىكىلگەندەك كېسەل تاتلىق جېنىمغا،
قىينىماقتا يۈرىكىمنى ئاغرىتىپ .

كۆرۈۋالاي يۇمۇلماستىن كۆزلىرىم،
ئالدىمغا چوڭ داستىخاننى سېلىڭلار .
كۈمۈش ساندۇق ئىچىدە بار بىر تونۇم،
ئېلىپ چىقىپ داستىخانغا يېيىڭلار .»

دېگىنىدەك قىلدى راخمان بوۋاينىڭ،
سۈكۈت باستى ئازادە ئۆي ئىچىنى .
سۇغاردى ئۇ چىشى بىلەن خالتىنىڭ
چىڭ تىكىلگەن تاردەك ئاق يىپىنى .

ئاتىسىنىڭ نەلىپچە تۆكتى ھەم،
شۇ تەۋەررۈك چەكمەن تونىنىڭ ئۈستىگە .
بوۋاي ئېلىپ سىقىمىغا توپىنى،
سۈردى نۇرى كەتكەن خىرە كۆزىگە .

سۈردى سولغۇن يۈزى، ياغاق باغرىغا،
شۈكۈر ئېيتىپ، دۇئا ئوقۇپ، ياش تۆكۈپ .

بىر چىمدىمنى سالدى بەتتام ئاغزىغا،
باشلىدى سۆز توپىنى ئۇ كۆرسىتىپ:

«بالىلىرىم، بىلەمسىلەر بۇ توپا
ئۆز يۇرتىمىز قەدىم قەشقەر توپىسى.
ئەۋەتىپتۇ تەلىپىمگە يارىشا،
زىبرەك قىزىم — راخمانجاننىڭ ئاچىسى.

ئۇ ئەقىللىك بالا ئىكەن چۈشەندىم،
قالغاندى كۆزى قىيماي يۇرتىغا.
ئاچچىقلىنىپ مەن شۇ چاغدا دېگەنتىم:
‹قان يۇتسەن قىزىم پۇشمان ئورنىدا ...›

بىراق، ئاخىر بۇ قان ـ ياشنى مەن يۇتتۇم،
ئارزۇيۇمدەك باي بولغىنىم قۇرۇسۇن!
بۇ يات ئەلدە كېچە ـ كۈندۈز قورۇندۇم،
ئەمدى دەيمەن ئاپقان پۇلۇم تۇزۇسۇن.

قاقشال تەندە كۈچ ۋە ئەقىل قالمىدى،
قۇتقۇزالماس مېنى ئالتۇن، مال ـ مۈلۈك.
ئۇلۇغ ئىكەن ئانا ۋەتەن سۆيگۈسى،
پۇشمان بىلەن ئۆتتى ئۆمرۈم دىل ئۈزۈك.

باغدات، تېھران، پارىژغا ھەم باردىممەن،
ئوخشاتمىدىم ۋەتىنىمگە باياشات.
دېھلىدىمۇ يۇرتقا نەزەر سالدىممەن،
ئاھ! كۆرەلمەي چەكتىم ھەسرەت ئۆمۈرۋات.

كېتەرىمدە ئۇ دۇنياغا ئارماندا،
ۋەتىنىمنىڭ توپىسىنى كۆردۈممەن.

بالىلىرىم، بىباھادىر بۇ توپا،
تۇتىيا دەپ كۆزلىرىمگە سۈرتۈمەن .

بۇ توپنى سىيلاپ بىزگە ئەۋەتكەن،
بوز خالتىدا ئېڭىكىمنى چىتىڭلار .
مەن قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن بوز چەكمەن
تونۇمنىمۇ جىنازىغا يېپىڭلار .

ئىخلاس توپام — بولسۇن مۇشۇ توپىدىن،
ياتاي گۆردە قەشقىرىمدىن ھىد ئېلىپ .
غېرىب قەبرەم بۇ توپىدا سۇۋالسۇن،
قالمىغاي ئاھ! تېنىم بۇندا ئېچىلىپ .

زايە قىلماي بۇ توپىدا بىر تۇپ گۈل،
ئۇندۇرۇڭلار چاچسۇن پۇراق قەبرەمگە .
قەبرەم ئۈزرە بۇ سۆزۈمنى يېزىڭلار،
تەر تۆكۈڭلار قايتىپ ئۇلۇغ ۋەتەنگە .

كۆرەلمىدىم بۇگۈنكى ھۆر چېغىنى،
سىلەر كۆرۈپ مۇراد تېپىپ كۆكلەڭلار .
كۆرەلمىدىم ياشنىغان گۈل بېغىنى،
سىلەر كۆرۈپ شەربەت ئىچىپ گۈللەڭلار .

ئەلۋىدا جان بالىلىرىم، ئەلۋىدا!
بۇ سۆزۈمنى ئۇنتۇماڭلار ھېچقاچان .
ئوغلۇم ـ قىزىم قاناتلىرىم، ئەلۋىدا!
ئەلۋىدا، ئەي ئەزىز ۋەتەن ـ جان ماكان!...»

بوۋاي توختاپ شۇ توپىغا قويدى باش،
ئاھ چېكىپلا پەسلەپ كەتتى تىنىقى .

«ۋاي ئاتام!...» دەپ راخمان سەلدەك تۆكتى ياش،
چايقالغاندا قارا دېڭىز قىرغىقى.

## خاتىمە

كۆكنى تىرەپ تۇرار مۇنار، گۈمبەزلەر،
ھەيۋەتلىكتۇر سۇلتانلارنىڭ مازارى.
يالغۇز قەبرە كۆرۈندۇ بىر چەتتە،
يەلپۈندۇ گۈل ـ غۇنچىسى، گۈل تاجى.

بۇ سۆز چاقنار ئۇڭ يېنىدا قەبرىنىڭ:
«تەر تۆكۈڭلار قايتىپ ئانا ۋەتەنگە...»
بۇ سۆز چاقنار سول يېنىدا قەبرىنىڭ،
«سىز قورۇناڭ قايتتۇق ئاتا، ۋەتەنگە...»

1984 ـ يىلى، قەشقەر



# نەۋەررۇك كۆكلەك

## مۇقەددىمە

يېزىلمىدى بۇ داستانىم كىتابخان،
مۇراد تاپماس ئاشىق ـ مەشۇق ھەققىدە .
ھەم ئەمەستۇر ۋەتەن ئۈچۈن بەرگەن جان،
قەھرىمانغا ئوقۇلغان بىر مەرسىيە .
ئادەم ئەقلى تېپىپ قەدىم زاماندا،
ئۈچىسغا كۆكلەك كىيىپ سۆيۈنگەن .
بۇ دەمگىچە مىللىتىمدە قىز ـ ئايال،
كۆكلەك بىلەن سۆيۈملۈك ئۆز كۆرۈنگەن .
قىز ھۆسنىنىڭ تەكدىشى يوق زىننىتى —
شۇ كۆكلەككە ئوقۇدۇممەن مەدھىيە .
بەختىلىك ھېس قىلماي نېچۈن ئۆزۈمنى،
ئوقۇغانلار ئالسا ساۋاق، تەربىيە .

1

ئاددىيغىنا ياتاق ئۆيۈم — خاس ئۆيۈم،
تارتىلغاندۇر تاملىرىغا زەدىۋال .
چۈشۈپ تۇرار ئاسقۇچتىكى كۆكلەككە،
دېرىزىدىن جۇلا تاشلاپ نۇر غىل ـ پال .
چۈشۈپ تۇرار كىچىسمۇ ئاق شولا،

يەلكەن كەبى ئۈزسە كۆكتە پارلاپ ئاي .
كېچە ـ كۈندۈز باقسام ئاشۇ كۆكلەككە،
كۆرۈندۇ گويا مۇڭلۇق بىر چىراي .
مەن قارايمەن شۇ كۆكلەككە تەلمۈرۈپ،
شامال ئۈرۈپ ئېتەكلىرى يەلپۈنسە .
نېچۈن تالسۇن قاراپ ئويچان كۆزلىرىم،
شۇ كۆكلەكتىن يار ۋەسلىگە تەلپۈنسە؟...
كېلەر ئەجەب خۇش پۇراق شۇ كۆكلەكتىن،
بۇنچە بولماس ئەتىرگۈلنىڭ پۇرىقى .
مەن ھىدلايمەن جانانىمنىڭ بۇيىنى ،
جۇدالىقتا، ئۇ دىلىمنىڭ ئوزۇقى...
قايتىپ ئىشتىن چارچاپ كىرسەم ئۆيۈمگە،
ئاۋۋال كۆزۈم شۇ كۆكلەككە چۈشىدۇ .
چىقار بولسام بوسۇغىدىن پۇت ئېلىپ،
شۇ كۆكلەككە قاراپ باغرىم كۆيىدۇ...
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆكلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆكلەك .

2

كۆكرەك پۇرمە يارىشىملىق شۇ كۆكلەك،
قەدىم خوتەن ئەتلىسىدە تىكىلگەن .
توي ئەتىسى كىيىپ قوپۇپ نىگارىم،
ئىنزا تارتىپ يەر ئاستىدىن تىكىلگەن .
نازۇك بەدەن ئۈززە ئەمەس مۇشۇ ئان،
پېتى چۈشۈپ پۇرلەشكەنتى ئاسقۇچتا .
سۇمبۇل چاچلىق بېشى ئۇندىن كۆرۈنمەس،

ئوخشار گۈلى ئۆزۈلگەن بىر كۆك شاخقا...
كۆرۈنمەيدۇ يەڭلىرىدىن ئاق قولى،
پەردىلەرگە كەشتە تىككەن ئۆز ـ نەپىس .
پېشانەمدىن سىلار ئىدى ئوت بولۇپ،
ئەمدى ماڭا نېسىپ بولماس ئۇنداق ھېس .
كۆرۈنمەس تەن دەرىخىدە قوش ئالما،
ھۆسن قوشۇپ تۇرغان زىبا ھۆسنىگە .
يوقتۇر ماڭا تونۇش ھېچبىر بەلگىلەر،
نازاكەتلىك شەمشاد قامەت ئۈستىدە .
كۆرۈنمەس ھەم توپلەي كىيگەن پۆتلىرى،
ئۆي ۋە مەكتەپ ئارىسىدا ئىز سالغان .
ۋاھ سىرتىتا قايدا شۇ يار نازىنىن؟
بۇ تەۋەررۇك ئۆيدىن ماڭا قېقالغان .
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

3

ئولتۇراتتىم شۇ كۆڭلەككە مەن قاراپ،
ئۆيدە تەنھا ۋۇجۇدۇمنى مۇڭ بېسىپ .
كىردى قىزىم مۇئەللىمى بىلەن شاد،
خۇددى ئانا ـ بالا ئوخشاش ياندىشىپ .
قىزىمنىڭ بۇ مۇئەللىمى — سەلىمە،
يوقلاپ تۇرار بىزدىن دائىم ھال سوراپ .
ئۇنىڭ ئېرى ئاپەتلىك شۇ يىللاردا،
ئۆلۈپ كەتكەن تۇتقۇنلۇقتا ئېچىرقاپ...
شۇڭا قايغۇ كەتمەس گۈزەل چېھرىدىن،

ئوخشاش ئىدى قىسمىتىمىز ـ دەردىمىز .
ئانا يۇرتىن كۆرمىگەن بۇ قىزىمنىڭ،
ۋۇجۇدىغا سىڭگەنتى تەڭ ئەجرىمىز .
چۈشتى كۆزۈم بىردىن قىزىم شىمىغا،
قىرچىقارغان خۇددى پىچاق بىسدەك .
گال پىچاقتا يەنە قايتا تىلىندى،
بۇ جىسىمدا سوقۇپ تۇرغان ئوت يۈرەك .
بۇ هال شۇئان ئىرادەمنى چىڭىتتى،
يۇزلىرىمنى قىلدى شەلپەر ئاچچىقىم .
بۇ هال سەلدەك پىغانىمنى تاشۇردى،
مەن مۇڭلىنىپ شۇ كۆڭلەككە تىكىلدىم...
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

4

«يىللار ئۆتەر بوۋاقلارنى سۆزلىتىپ،
قىرىلارنى ئايرىپ شېرىن زۇۋاندىن .
بۇ مۇسايە ھەم جۇدالىق، ھەم قىسقا،
قالىدۇ نام ياخشى بىلەن ياماندىن .
گۆدەك ئوغۇل ئاتا بولار، مۇكچىيەر،
بوستان چاچ قىز ئانا بولار قورۇلۇپ .
تاپىمسا گەر پەرزەنت ياخشى تەربىيە،
كېتەر غەمدە شۇ ئائىلە سورۇلۇپ...»
ئويغا پاتقان ھالدا تۆرگە باشلىدىم،
قىزىمنىڭ شۇ ئۇستازىنى سوراپ ھال .
ئۇياتتىمۇ، قىزىم يەرگە قارىدى،

ئولتۇرالماي قالدى شۇندا بىمالال .
مۇئەللىمى دېدى ماڭا: «ھاياتنى
ھىجران ۋەيران قىلسا، ۋىسال ياشنىتار .
ھاياتنى چىن سۆيگەن سىز بىر زىيالىي،
خۇشال ياشاڭ بولۇپ مەڭگۈ ئۈمىدۋار...»
دېدىم ئاڭا: مەن بىر «ئىنسان» سەلىمە!
قانداق خالىي بولسۇن غەمدىن بۇ بېشىم؟
ئەركىلەيدۇ، كۆڭلەكنىمۇ كىيمەيدۇ،
يالغۇزلۇقتا ئەركە ئۆسكەن بۇ قىزىم .
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

5

سىزنى كۆرۈپ ئەي بالامنىڭ ئۇستازى!
يېپىق قەلبىم دېرىزىسى ئېچىلدى .
چىرايىمدىن يىغىپ تۇرغان ھەسرىتىم،
كۆك سۈزۈلۈپ يامغۇر كەبى بېسىلدى .
ئەجەب بۈگۈن كېلىپ مېنى شاد قىلىپ،
ئازايتتىڭىز كۆڭلۈمدىكى ھەسرەتنى .
سەپدىشىڭىز ھەلىمنى مەن ئەسلەپ،
سۆزلەي بىزنىڭ باشقا كەلگەن قىسمەتنى .
سۆزلەي قايغۇ - ھەسرىتىمنى جان قىزىم،
سەنمۇ تىڭشا ئوقۇلغاندەك پاتىھە .
تۆككەن يېشىم، ساڭا قىلغان بۇ گېپىم،
بولۇپ قالسۇن دەرد - ئەلەمگە خاتىمە!
ياشلىقىدا كەلگەن ئاناڭ بېشىغا،

كەچۈرمىشكە ئاشۇ كۆڭلەك گۇۋاھچى .
سىلىپ ئاشۇ كۆڭلەك شۇنى دىلىمغا،
ئاقار دولقۇن ياساپ سۆيگۈ پىغانى .
قۇشتەك سەگەك ھوشيار بولۇپ ئاڭلىغىن،
دەپتەرگە دەرس يازغاندەك يۇت يۇرەككە .
بالام، ئىزىپ تۇيۇق يولغا ماڭمىغىن،
ئاڭلا سۆزۈم قاراپ ئاشۇ كۆڭلەككە .
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك...

6

شامال ئىتتىك دىرىلدىنى چىكەتتى،
يىگىت چىقىم يار ئىشىكنى چەككەندەك .
گۈل شىخىنى ھەر تەرەپكە ئىگەتتى،
ئاستاغىنا يار بويىنىنى ئەگكەندەك .
كۆككە ياقسام كۈل رەڭ بۇلۇت قاپلىغان،
بىردىن چاقماق يالت - يۇلت قىلىپ چىقىلدى .
نە چاقماق ئۇ، پىراق ئوتى زاتىمنى
كۆيدۈرۈپ ئاھ گۈلخان بولۇپ يىقىلدى .
كۆزۈم يەنە شۇ كۆڭلەككە تىكىلىپ،
تۇرۇپ قالدىم ئىچ - ئىچىمدىن تاشتى دەرد:
مۇشكۈل ھايات سىنىقىدىن ئۆزىنى،
قاچۇرماستىن ئۆتەلىگەن كىشى — مەرد .
قالمىدى مەن تارتمىغان دەرد، سەلىمە!
سىز بىلىسىز، ئۇمىد ئۆزمەي ياشىدىم .
مەن ھەرقاچان سىلاپ قىزىم بېشىنى،

يارنى ئەسلەپ شۇ كۆڭلەككە قارىدىم .
قىز ئىدىڭىز تويۇم بولغان شۇ يازدا،
ئەسلەپ بېقىلىڭ سىز يۈز ئاچقۇ كۈننى .
شۇ كۆڭلەكنى كيگەندى نىگارىم،
ئۇسسۇل ئويناپ ئاچقانتىڭىز يۈزنى...
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك...

7

بىراق پەلەك بىزگە كۈلۈپ باقمىدى،
سوزۇلمىدى شادلىقىمىز ئۇزۇنغا .
ئېچىلغاندا بەختىمىزنىڭ غۇنچىسى،
خازان بولدى ئۇچراپ تەتۈر قۇيۇنغا...
تويدىن كېيىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ ھەلىمە،
ئېغىر ئاياغ بولدى، بەكمۇ سۆيۈندۈم .
ئۇ يېگۈسى كېلىپ ئالما، كاۋاپنى،
تەمشەلگەندە مەنمۇ شۇنچە كۆيۈندۈم .
كۈن سانىدۇق ئۆتتى تەستە توققۇز ئاي،
ئاچچىق تولغاق تۇتتى ئۈچ كۈن ـ ئازابلىق .
نە سۇ ئىچتىم، ئۆتتى گالدىن نە ناماق؟
مەن قىلمىغان قالمىدى ئىش ساۋابلىق .
جامائەتكە نەزىر بەردىم قوي سويۇپ،
قىلدىم قانچە كىيىمنى سەدىقە .
تۇغقان، دوستلار نان ئۆرىدى بېشىدىن،
ملىڭ جاپادا تۇغدى ئاخىر ھەلىمە .
تۇغدى بىر قىز نۇرلۇق كۆزى چولپاندەك،

ئاي يۇزىدە غۇنچە لېۋى ئېچىلغان .
شۇ كۆڭلەكنىڭ ئېتىكىگە ئالغاندا،
نىگارىمنىڭ جېنىغا جان قېتىلغان!...
شامۇسەھەر سىرىدىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك؛
قايغۇلۇق بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

8

ئايدىڭ كېچە تاڭ ئالدىدا تۇغۇلغاچ،
«ئاينۇر» قويدۇق ئەزان ئېيتىپ ئات تاللاپ،
ئۇنتۇپ تارتقان دەرد ـ جاپانى ئانىسى،
شادلىناتتى ئاق سۈت بېرىپ قۇچاقلاپ .
تىكتى قىزىل دۇخاۋىدىن بىر كۆڭلەك،
ياراشتى بەك يۇمران بوۋاق تېنىگە .
تىكتى ئەتلەس، گىرىپىتشىن، تاۋاردىن،
پوسما، پەرتۇق... ئارام ئالماي ھەلىمە .
ئۆتكۈزدۇق بىز خۇشال «قىرقى تويى» نى،
ئونلاپ ئوغۇل ـ قىز گۆدەكنى چاقىرىپ .
ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن ئۈزۈك چىلانغان،
سۇدا يۇدۇق... كەتتى بوۋاق ئاقىرىپ .
ئاغرىپ قالسا يۈرىكىمىز سۇ بولۇپ،
ئۇخلىمايتتۇق، ئەللەي ئېيتىپ ئانىسى .
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۈلسە بۇ تەن ئوت بولۇپ،
تاشار ئىدى مېھرىمىزنىڭ قاچىسى .
باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى سەن ئىدىڭ!
ئاشۇ بوۋاق، قىزىم بۇنى بىلمەيسەن .

بىلمەيسەن ھەم شۇ مېھرىبان ئاناڭنى،
سۈت ئەمدۈرۈپ ساڭا كۆڭلەك كىيدۈرگەن...
شامۇسسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
قايغۇلۇق بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

9

كۆڭلەك ھامان خوتۇن ـ قىزلار زىننىتى،
يوق گۈزەللىك ئۇنىڭسىز ھەر قامەتتە .
خۇنۇكلىشەر زىبا تەنمۇ كۆڭلەكسىز،
قورچاقلارمۇ ئۇز كۆرۈنەر كۆڭلەكتە .
شۇڭا ئانام كۆڭلەك تىكىپ زېرىكمەي،
كىيدۈرەتتى سەن قىزىم ـ شوخ بوۋاققا .
ۋادەرىخا، باشلىنىپ زور مالىمان،
بەختىمىزگە قەست قىلدى ياۋ ئوچۇقلا .
قىزىم، ئۇ چاغ بوۋاق ئىدىڭ ئۇچ ئايلىق،
ئاناڭ يىغلاپ قايتىپ كەلدى مەكتەپتىن!
(كېسىلگەنتى تالدەك ئۆرۈم چاچلىرى
كۆرۈنەتتى تىزى يىرتىق ئېتەكتىن...)
«ئىسسىيانچىلار كەستى سۇمبۇل چېچىمنى،
كۆڭلىكىمنى يىرتىۋەتتى كىيمە! دەپ...
ئايرىدى ئاھ، گۈزەللىكىم ـ ھۆسنۈمدىن،
بولىۋالدى ياغلىقىمنى چىگمە! دەپ»
يەڭگۈشلىدى كۆڭلىكىنى يان ئۆيدە،
كۆز ياش تۆكۈپ، دەردى تېشىپ يۈرەكتىن .
ساڭا ئۆلچەپ، ياتقىنىڭدا بۆشۈكتە،
كۆڭلەك پىچتى يىرتىلغان شۇ كۆڭلەكتىن .

شاھۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆكلەك،
قايغۇلۇق بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆكلەك .

## 10

بالام باغرىم، ئەزىز قىزىم - تايانچىم،
جان ئانىڭىز تۇرالمىدى ئەتىسى .
«ئىسسىت!...» دەيتتى، ئىنجىقلايتتى يۆتىلىپ،
نەپەسىدىن كېلىپ ئۆلۈم شەپىسى .
نان - ئاشتىنمۇ قالدى يۈزى سارغىيىپ،
دوختۇر كۆرۈپ «ئېغىر» دېدى، «يارىسى...»
قاچان، نېچۈن پەيدا بولغان يارا ئۇ،
يوشۇرغانكەن يۈرىكىمنىڭ پارىسى .
سول كۆكسىنىڭ ئاستى ئىششىپ كۆكىرىپ،
كەتكەنىكەن... چىقىپ كەتتى جان - پىنىم .
«قانداق قاتتىق، نىجىس قانخور قارا قول،
ئۇرغاندۇ - ھە! قايسى ۋەھشىي رەقىبىم؟!
ئايال دېمەي زۇلۇم قىلدىڭ نېمىشقا؟
ئەي مۇردىخور! ئېيتقىن نېمە گۇناھى؟
چاچلىرىدىن ئۆتتى قانداق سەۋەنلىك،
نېمە ئۇنىڭ كۆكلىكىنىڭ خاتاسى؟
ئېيتقىن مەلئۇن ئەيىبلىكمۇ ياغلىقى!
ئۇردۇڭمۇيا چويۇن توقماق، تاش بىلەن؟...»
دەيتتىم يىغلاپ، سىلاپ يارىم بېشىنى،
نالە قىلىپ كۆزۈمدىكى ياش بىلەن .
شاھۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆكلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆكلەك .

## 11

ئاناڭ ساڭا پىچقان ئاشۇ كۆڭلەكنى،
تىكىپ بولۇپ قاراپ قالدى تورۇسقا...
باستىم «ئاھ» دەپ تۇرغان ماڭا تەلمۈرۈپ،
كۆزىدىن نۇر قاچقان باشنى باغرىمغا .
سەل ئېچىلىپ قالغان لېۋى ئاقرىپ،
دەيتتى گويا: «يالغۇز قالدىڭ ئەزىزىم .
كىم ساڭا ئاش ئېتىپ بېرەر، چاي بېرەر،
يۇيۇپ بېرەر كىيىمڭنى ئەمدى كىم؟
ئاغرىپ قالساڭ كۆيۈندۇ كىم ساڭا،
ھېرىپ كەلسەڭ ھاردۇق ئېشى ئېتەر كىم؟
سەپەر قىلساڭ كىم ئۇزىتار، كىم كۈتەر،
تەشنا بولساڭ ئۇسسۇلۇقنى بېرەر كىم؟
قانمىغانتى بالام ئوغۇز سۈتىگە،
ئەمدى ئۇنى كىم ئېمىتەر، كىم باقار؟
خۇدايىمغا تاپشۇردۇممەن ئاتىسى!
ئالدىڭىزدا ئۆسۈپ بولسۇن بەختىيار .
قىزىم يولدا بويۇن قىسىپ قالمىسۇن،
قالمىسۇن ھەم كۆڭلەكلىرى يىرتىلىپ...»
قاراپ شۇ چاغ ئانىڭىزغا جان قىزىم،
كەتكەندى يۈرەك ـ باغرىم ئېزىلىپ .
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

مەن قارايتتىم ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ،
تولۇن ئايدەك ئاقارغانتى يۈزلىرى .
يۇمۇلماستىن قالغان ماڭا تىكىلىپ،
بۇ مەنىنى ئۇقتۇراتتى كۆزلىرى:
«رازى بولۇڭ مېھرىبانىم، ئەلۋىدا!
سىزنى يالغۇز تاشلاپ كەتتىم، چارە يوق .
تىلەككە تېز يېتىش ئۈچۈن ئالدىراڭ!
ئۆمۈر دېگەن قىسقا ئىكەن — ئاتقان ئوق .
سىزگە ھەمراھ بولۇپ قىزىم ئەسقاتار،
ئاياڭ ئۇنى گۈلنى پەرۋىش قىلغاندەك؛
ئازار بەرمەڭ قاپاق تۈرۈپ سىز زىنھار،
قاتتىق گەپ ـ تىغ، تېگەر تەن니 تىلغاندەك .
قانداق چىداي يېتىم قالغان بالامغا!
يامان كۆزگە ئۇنى ھەرگىز كۆرسەتمەڭ .
ئاسراڭ دائىم يامان گەپكە قالدۇرماي،
ئەمما ئۇنى ئويۇن، پۇلغا ئۆگەتمەڭ .
ئاھۇ كەبى چېچەن، گۈلدەك مۇلايىم،
ئۆسسۇن قىزىم خۇشتار بولۇپ بىلىمگە...»
ئاشۇ ئەتلەس كۆڭلەك جانسىز تېنىدە،
ئىدى شۇ چاغ... قالدى مەڭگۈ ئېسىمدە...
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

13

جېنىم بالام شۇ قايغۇلۇق مىنۇتتا،
سالغۇم كەلدىم يۈرىكىمگە پىچاقنى .
كۆڭلۈم سوۋۇپ بۇ ۋاپاسىز دۇنيادىن،
چاققۇم كەلدى ئاش يەيدىغان تاۋاقنى .
لېكىن ئۈنۈڭ ياندۇردى بۇ خىيالدىن،
يىغلاپ كەتتىڭ ئىزدەپ ئانا كۆكسىنى .
مەن ياشىدىم قىزىم شۇڭا سېنى دەپ...
سىنىدى بۇ ھاياتنىڭ شۇ ئۆتكىلى .
تۆت ئايلىقلا قالغاچ غەمخور ئانادىن،
يىغلار ئىدىڭ لەۋلىرىڭنى سەن تەمشىپ .
يۈرەك ئاغزىڭ ئىككى يانغا ئۆمەللەپ،
چىقراتتىڭ كۆزلىرىڭدىن ياش تامچىپ .
ئېمىزگۈدە سۈت ئېمىتتىم قەنت سېلىپ،
بەردىم ساڭا ياڭاق بىلەن نان چايناپ .
بولۇپ شۇنداق ساڭا ئاتا ھەم ئانا،
چوڭ قىلدىممەن شۇنچە ئاسراپ، ئاۋايلاپ .
يەتتە ياشقا كىرگىنىڭدە بوي تارتىپ،
ئېلىپ باردىم قىزىم سېنى مەكتەپكە .
بەردىم ساڭا ئەتلەس كۆڭلەك تىكتۈرۈپ،
نۇسخىسىنى ئوخشىتىپ شۇ كۆڭلەككە .
شامۇ سەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

14

كۆزلىرىڭدە دائىم سوئال بەلگىسى،
نېمىشقىدۇر غەمكىن ئۆستۈڭ جان بالام .
تىكىلەتتىڭ ئۇچراپ قالسا بىر ئايال،
ئويلامتىڭ يا بولسىچۇ، دەپ جان ئانام؟
ياش تۆكەتتىڭ بەزەن قاراپ ئالبومغا،
كۆرۈپ ئاناڭ سۈرىتىنى — نەۋەررۈك .
ياراشقانتى كىيگەن ئەتلەس كۆڭلىكى،
بارمىقىدا يالتىرايتتى قوش ئۈزۈك .
گويا ساڭا يەلپۈنگەندەك تۇيۇلار،
قۇندۇز چاچلىق بېشىدىكى روملى .
گويا قۇچاق ئېچىپ سېنى قۇچاقلار،
تەڭلەپ شېرىن سۈت سىرغىغان كۆكسىنى .
شۇ ئالبومنى ئاستا ئېلىپ قولۇڭدىن،
سېلىپ قويار ئىدىم ئىشكاپ ئىچىگە...
مەن مەڭگۈلۈك بىلىپ سۆيگۈ - ۋاپانى،
كۆز سالمىغانىدىم بالام ئۆزگىگە...
ئەي قەدىردان يۈرەك پارەم - ئوتلۇقۇم،
تىكتىڭ سەنمۇ نەچچە كۆڭلەك قورچاققا .
ئانا ساناپ خىيالىڭدا ئۆزۈڭنى،
قورچىقىڭنى ئالار ئىدىڭ قۇچاققا...
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

## 15

يادىمدا بار دەسلەپ ئېلىپ چىققىنىم،
تاڭ سەھەردە سېنى ئاناڭ بېشىغا .
تۆرۈپ قالدىڭ كۆرۈپ مۇڭلۇق قەبرىنى،
ھەم ھاياجان، ھەم قورقۇنچ ئاستىدا .
تۆراتتى ئاھ سانسىز قەبرە ـ گۆمبەزلەر،
قالمىغاندەك ھايات كىشى ئالەمدە .
سەن تەلمۈردۈڭ ھەر يېنىڭغا سەپسېلىپ،
ھەم تۆرالماي ئاۋاز قوشتۇڭ نالەمگە .
«ئانام قېنى؟» بىلمەي ياكى بىلىپمۇ،
سەن سورىدىڭ ياشلىق كۆزۈڭ مۆلدۈرلەپ .
بۇ قەبرىنىڭ ئاستىدا، دەپ كۆرسەتتىم،
چاقماق چاقتى، كەتتى ئاسمان گۈلدۈرلەپ .
ياپراق خازان بولغان مۇڭلۇق كۈز ئىدى،
چۈشتى يامغۇر ئۈستىمىزگە تاراسلاپ .
شىددەت بىلەن بوران. سوقۇپ شىمالدىن،
سۇۋادائىنىڭ شېخى سۇندى قاراسلاپ .
بالام سېنى تاڭدىم شۇ ئان باغرىمغا،
بىر چاغ يامغۇر توختاپ، بوران پەسەيدى .
كۆرۈنگەندەك بولدى ئاناڭ كۆزۈمگە،
كۆڭلەك كىيىپ قىز چېغىدەك بەئەينى...
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

16

جىنىم بالام ئۆتسە بىر كۈن شۇنچىلىك،
تەن چوڭىيىپ ئەقىل قونار ئادەمگە .
ئارچىدەك بوي تارتىپ ئۆستۈڭ كۈنسىرى،
ھەۋەس بىلەن قاراپ چەكسىز ئالەمگە .
خۇشال ئىدىم ئوقۇشۇڭدىن مەن قەۋەت،
كىتاب بىلەن بولۇپ كەتتىڭ جان قىزىم .
بىراق كۆڭلەك كىيمەي غىمىم ئاشۇردۇڭ،
كىشى كەبى ئادەت يوسۇن بىلمىگەن .
بولغان بولسا كاشكى ئاناڭ، كۆڭلەكسىز
يۈرمەس ئىدىڭ كوچا ـ كويدا شىم بىلەن .
سىلىق ئېيتسام پېشانەڭنى مەن سىلاپ،
ئەپسۇس، ئۇنتۇپ قالدىڭ بالام ئەتىنى .
ئېيتسام يەنە خاپا بولدۇڭ سەن ماڭا،
قۇلىقىڭغا كىرمەي ئاناڭ دەۋىتى .
قېشىڭ ھىلال، چېھرىڭ گويا تولۇن ئاي،
رۇخسارىڭدۇر سائادىتىڭ، ئامىتىڭ .
كۆزگە بەكمۇ غەلىتىلا كۆرۈنەر،
سەن كۆڭلەكسىز تۇرغىنىڭدا قامىتىڭ .
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

17

ئەزىز بالام ئونىنچىنى تۈگەتتىڭ،
ئۆمۈر نېمە؟ ئۆلۈم نېمە؟ بىلسەن .

بۇلبۇلستان — ئالىي بىلىم يۇرتىغا،
قانات ياساپ ئەمدى ئۇچۇپ كېتىسەن .
شۇڭا ئېيتتىم كۆڭلۈمدىكى سۆزۈمنى،
سەن ئاڭلىساڭ ئەجداد روھى سۆيۈنەر .
مىللەت شانى گۈزەل ئۆرپ ـ ئادەتكە،
قىلساڭ ھۆرمەت ئەۋلاد سەندىن ئۆگىنەر .
ئۇنتۇمىغىن! باتۇر ھەدەڭ نۇزۇگۇم،
كۆڭلەك بىلەن مۇدھىش دارغا ئېسىلغان .
گۈزەل كۆكسى ـ نومۇسنى شۇ كۆڭلەك
ئىدى شۇ چاغ ياۋ كۆزىدىن يوشۇرغان...
سۆزدىن توختاپ ئاچتىم يوغان ساندۇقنى،
ئالدىم بىر ـ بىر كۆڭلەكلەرنى زىننەتلىك .
دېدىم: بالام ئاناڭ مەرھۇم ـ رەھمىتى،
قالدۇرغان بۇ مىراس ساڭا قىممەتلىك...
ئۇھ، دەپ تىنىپ توختىغاندا گېپىمدىن،
«دادا...» دېدى قىزىم ماڭا تاشلىنىپ .
ئۇستازىمۇ باقتى ئاشۇ كۆڭلەككە،
ھەسرەت بىلەن سەپدىشىنى ياد ئېتىپ...
شامۇسەھەر سىردىشىمدۇر شۇ كۆڭلەك،
ئۇنتۇلماس بىر قىسمىتىمدۇر شۇ كۆڭلەك .

## خاتىمە

گويا قۇرۇپ قالغان قاشال بىر كۆچەت،
بۈگۈن كۆكلەپ چېچەك ئاچتى ھويلامدا .
گويا سۇسىز خازان بولغان قىزىلگۈل،

ئېچىلدى خۇش ئىپار چېچىپ كۆك يامدا .
كۆچەت يا گۈل ئەمەس، قىزىم ئېدىڭسەن،
دېرىزىدىن تۇرغان ماڭا كۆرۈنۈپ .
كۆڭلەك كىيىپ چىقتىڭ ئۆيىدىن سۈيھەدەم،
كۈن چىققاندەك بۇلۇتلۇق كۆك سۈزۈلۈپ .
نېچۈن خۇشال بولماي شۇئان سۆيۈنۈپ؟
ئىپارخاندەك نازاكەتلىك كۆرۈنسەڭ...
نېچۈن رازى بولدۇم دېمەي كۆيۈنۈپ،
رىزۋانگۈلدەك جاسارەتلىك كۆرۈنسەڭ...
كۆڭلەك كىيمەي يۈرۈپ يولدا تۈنۈگۈن،
كۆرۈنەتتىڭ ئەل كۆزىگە غەلىتە .
قايغۇراتتىم يېشىل پوستى سويۇلغان،
دەرەخ ئوخشاش قامىتىڭدىن ھەمىشە .
پەيدا بولدى گويا شۇ دەم ئالدىمدا،
ئامانىسا — ساھىبجامال شائىرە .
شۇ تۇرقۇڭ - ھۆسنۈڭ بىلەن خان قىزىم،
بەردىڭ خۇنۇك كۆرۈنۈشكە خاتىمە!
ھايا — قىزنىڭ گۆھەر كۆزلۈك تاجىدۇر،
دائىم جۇلا تاشلاپ تۇرغان كۆڭلەككە .
قىزىم، رازى بولدۇم، قاراپ تىزىڭنى،
يېپىپ تۇرغان رەڭدار گۈللۈك ئېتەككە...
رازى بولدۇم پەردە قويماي گېپىمنى،
كۆڭلەك كىيىپ خۇرسەن قىلدىڭ دىلىمنى .

1984 - يىلى، كورلا، قەشقەر، بېيجىڭ

# چولپان سورايدۇ...

— نىمشېھىت سۇرىتىگە قاراپ

ھەر كۈنى چولپان سېنى سورايدۇ؛
تۈگۈلۈكتىن ئۇچاق تۈۋىگە قاراپ:
«قېنى ئۇ بوۋاڭ؟» دەيدۇ، يىغلايدۇ،
بېرەي ئۇنىڭغا نېمدەپ جاۋاب؟!

... شېئىر يازاتتىڭ شىلدىرلاپ تۇرغان
ئانار شېخىغا ئويچان كۆز تىكىپ.
لەرزان ناخشاڭدىن ئويغىنىپ چولپان،
بېرەتتى سالام ياقۇت نۇر چېچىپ.

ئوتلۇق تەپەككۇر، گۈزەل تەسەۋۋۇر،
ئىلكىدە سېنى كۆرەتتى چولپان.
تاشقا گۈل چەككەن ئاشىق، مەرد، غەيۇر،
پەرھادنى كۆرۈپ كۆيەتتى چولپان.

چولپان ئاي بىلەن نەچچە بار ئاشۇ
يورۇق كۆڭگۈرنى قالغان تالىشىپ.
ئوقۇغاندى داستان ـ نەزمەڭنى،
تۈگۈلۈك، كۆزنەكتىن ئۇلار مارىشىپ.

نېمشقا بۈگۈن ئاشۇ خىيالچان،
تەۋەررۇك قەددىڭ كۆرۈنمەس ئاكام؟
بولاتتى مەڭگۈ نۇرلۇق يۇلتۇزلار،
سەن دۇئا قىلىپ تۇرغاندا ماڭا.

قايدىسەن؟ چولپان سېنى سورايدۇ،
قىيا ئېچىقلىق كۆزنەكتىن قاراپ.
قولۇڭدا قەلەم، كۆز سېلىپ باغقا،
تۇرغان قامىتىڭ كۆرۈنمەس شۇ تاپ.

سەن ئۆيدە يوققۇ؟ نەگە كەتتىڭ سەن،
يەلپۈنۈپ مەيىن ئاتقان چاغدا تاڭ؟
توسۇۋالغانمۇ، بەستىڭنى ۋە يا،
پېشايۋاندىكى يېشىل گۈل ـ باراڭ؟

سېنى ئىزدەيدۇ ئۈرۈمچىدىن، ئاھ!
كۆرۈنمەس قەددىڭ غەزەلدىن پۈتكەن.
ئىزدەيدۇ ئەزىز قەشقەردىن سېنى،
يوشۇرغانمىدۇ ھېيتگاھدا گۈلشەن؟

سېنى ئىزدەيدۇ ئاتۇش، خوتەندە،
بەقەسەم شايى تونلار ئىچىدىن.
سېنى ئىزدەيدۇ ئاقسۇ، يەكەندىن،
مەشرەپ قىزىغان ئايدىڭ كېچىدىن.

سېنى ئىزدەيدۇ يەلپۈنۈپ تۇرغان،
ئالما تۇۋىدىن ئىلى بويىدا.
سېنى ئىزدەيدۇ شەربىتى ئاققان،
نەشپۈت بېغىدىن ــ چىمەن كورلىدا.

گۈل پۈراپ چولپان ئىزدەيدۇ سېنى،
بەرقۇت كەلك سايدا ياپراقتا چاقناپ.
ناخشا ئېيتىشنى بۇلبۇل ئاھ ئۇرۇپ،
ئۆگەنگەن دەيدۇ شائىرنى دوراپ.

دۇنياغا مەشھۇر مىلك ئۆي ئىچىدىن
ئويما رەسىمدە يالتىراپ ئىزدەر .
تۇرپاندا داڭدار مۇنار ئالدىدىن
شاراب، ئۈزۈمدە پارقىراپ ئىزدەر .

كەتكەنىمدۇ دەپ ئىزدەيدۇ سىنى،
ئىزدەيدۇ بومباي ھەم كاراچىدىن .
سىنى ئىزدەيدۇ تاپالماي ھەتتا،
مەككە ـ مەدىنە تاۋاپ جايىدىن...

چولپان ئايلىنىپ كېلىپ يۇرتۇڭغا،
سارقىپ ئېتەككە ياشلىرى ئاقتى .
ئىنتىزار بولۇپ دىدارىڭغا ئۇ،
تۈگۈلۈكتىن تىمتاس ئۆيۈڭگە باقتى .

مورىسى ئەگمە ئوچاقتا ئوت يوق،
گۈلدار ئويۇقتا لىق كىتاب تۇرار .
تۇرار بىر چەتتە چۆگۈن، پىيالە،
چىراغ ئۆچۈپتۇ... سەنسىز كىم ياقار؟

«بوۋاك قايدا!؟» دەپ چولپان سورايدۇ،
سايرام كۆكىدە مۇڭلىنىپ يىغلاپ .
ئېيتىشقا مېنىڭ كۆڭلۈم قويمايدۇ،
تۇرالمىدىم مەن ھىجرىڭغا چىداپ .

... نىمشىھىت ئىدى، شېھىت بولدى راست،
ياۋۇز قولىدا بولۇپ كۆكسى قان .
مۇدھىش زۇلۇمدىن تاپالماي خالاس،
تارتىشىپ تاڭغا كۆيلەپ بەردى جان .

تاراملاپ ئاققان ياشلىرى ئۈنىڭ،
دەريا ـ كۆللەرگە قوشۇلۇپ كەتتى...
ئانار، ئالمىنىڭ يىلتىزلىرىغا،
قان تومۇرلىرى تۇتىشىپ كەتتى...

شائىر بوۋامنى سەن يوققۇ دېمە!
ئون ئىككى مۇقام كۈيلىرىدە بار .
يۈسۈپ خاس هاجىپ، نەۋائى مېهمان،
ئەھلى ئىلمىنىڭ ئۆيلىرىدە بار .

قارىنىدا بار ئۇ راۋاپ، دۇتارنىڭ
ناغرىدا ئۇ بار، هېيتتا چېلىنغان .
باغرىدا بار ئۇ قارا كۆز يارنىڭ،
ئاغزىدا ئۇ بار دوستىنىڭ قەدىردان .

جەڭ ـ كۆرەشلەردە قۇچقان شان ـ شەرەپ،
زەبەردەس كارۋان ئالدىدا ئۇ بار .
كەلتۈرگەن بۈگۈن ئەلگە شەرەپ ـ شان،
ئالىم قەھرىمان ئالدىدا ئۇ بار .

گۈللەر ئېچىلار باهاردا، تاغدا،
ئۇنىڭ ئەشئارىن ئوقۇپ شۇئىرلاپ .
توختىماي غەزەل ئېيتىدۇ يازدا،
ئالتۇن باشاقلار ئېچىدە يايراپ .

سەن كۆرەي دېسەڭ، قارا، ئەي چولپان،
قايتا يالقۇنلاپ سوققان يۈرەككە .
ياتىدۇ ئارام ئېلىپ مۇشۇ ئان،
يۆگۈلۈپ يۈكسەك غايە، تىلەككە .

ناخشا ئېيتىدۇ قىلىپ ئۇ سەيلە،
سېغىنىپ تۇرغان كۆڭۈل بېغىدا .
داستان يازىدۇ، ئۇ ئىچىپ مەينى،
قايتىپ ئەزىمەت ياشلىق چېغىغا...

قايدىسەن؟
چولپان سېنى سورايدۇ،
مۇڭ باسقان جىمجىت ئۆيۈڭگە قاراپ .
«ۋەتەنگە تۆھپە قوشقان ئىجادكار،
قەلبىدە بار» دەپ بېرىمەن جاۋاب .

1980 – يىلى 2 – ئاي

# شائىر خىنابى

(باللادا)

ئانار گۈل ئالدىمدا ـــ زۇمرەت باغدا،
يەلپۈنەر كۆزنەكتىن ئۇرغاندا شامال .
يۈرىكىم سوقىدۇ مىسرادا ـ قۇردا،
«يىللارغا جاۋاب» تىن ئىزدىنىپ شۇ هال .

تىمتاس بۇ كېچىدە كۆزۈم نۇرلىنار،
يالقۇنلۇق شېئىرلار هۆسنىدە چاقناپ .
قەلبىمدە ۋەتەن ـ خەلق مېهرى ئۇلغىيار،
«خىيالچان تىلەك» نى مەن ئوقۇپ يادلاپ .

سورىسام تۇتۇلۇكتىن كۆز تىكىپ ئايغا:
«قايدىسەن ئەي شائىر قاينام ئۆركىشى؟»
«ئۇ ـــ مېنىڭ قەلبىمدە ۋەتەنگە شەيدا...»
دېدى ئاي ياپراقتا تۆكۈپ كۆز يېشى .

ئاي يەنە قايتىلاپ «ئوقۇغىن» دەيدۇ،
ئوقۇيمەن تىڭشايدۇ جانانىم، ئوغلۇم .
ئوقۇيمەن توپلامنى، ئاڭلايدۇ گۈلمۇ،
ئوتلۇق هېس ـ تۇيغۇغا چۆمۈلەر كۆڭلۈم .

قويۇشقا ئەپلىك جاي تاپالماي ئۇ چاغ،
كۆمۈپ گۈل ئاستىغا ئاشۇ باغدىكى ـــ

ساقلىغان بۇ كىتاب كۆڭلۈم سىردىشى،
يىرتىلىپ ئۆتكەن بەت - ۋاراقلىرى داغ...

بۇ كىتاب ياش - ئۆسمۈر سەبىي چېغىمدا
قوزغىغان ئىشتىياق شېئىر يېزىشقا؛
قان قوشۇپ قېنىمغا، دەرمان جېنىمغا
كەلسە ئۇ، ئوقۇماي بۇنچە تېنىشقا؟

مەن ئوقۇپ ئولتۇرۇپ دەر ئىدىم: «كاشكى،
ئۇ شائىر ئەزىمەت بولسىچۇ ھازىر...»
كىمدۇر - ھە!؟
چەككەن ئۇ كۆزنەكنى تاك - تاك!
بولدىكى ئاجايىپ بىر ۋەقە سادىر:

غايىبتىن ئىككى قول كەلدى مەن تامان،
بىلىمدىن تۇتۇپ دەس كۆتۈردى ھەيھات!
داڭ قېتىپ، تەلمۈرۈپ قالدى يار - جانان،
قۇچاقلاپ ئوغلۇمنى — ئۇچۇرما قانات...

دەم ئۆتمەي ئۆزۈمنى كۆردۈم ئاسماندا،
ئوت كىرپىك پەرىلەر مەرىكە تۈزگەن .
قارىسام تۆۋەنگە — ئانا ماكانغا،
كۆرۈندى چاھارباغ — بىر گۈزەل گۈلشەن .

ئۇندا گۈل ئارىلاپ چېھرى نۇرلىنىپ،
گۈلدەستە تۈزەتتى ناخشا ئېيتىپ قىز .
ئاھ! يۈرەك باغرىمغا ئىشقى ئورنىدى!
دېدىممەن: «يار ماڭا سىز قول سۇنسىڭىز...»

دەل شۇ ئان ھەيدەپ تېز ئالتۇن مەپنى،
ئالدىمدىن كۆك شاھى ئۆتتى تاراقلاپ .
ۋال - ۋۇل ئوت چاقنىتىپ ئۇرغان قامچىسى،
تەگدى ئاي باغرىغا — تۇرغان نېرىقاپ .

تاراملاپ ياشلىرى چۈشتى ئۇچامغا،
مەن ئاستا پەسلىدىم تۈن يېرىم چېغى .
ئۇ قوللار ئاۋايلاپ تۇتتۇپ شۇ تاپتا،
چىمەنگاھ ئۈستىگە چۈشۈردى مېنى .

كۆز سالسام رەڭمۇرەك نەقىش چېكىلگەن،
بىر قەبرە تۇراتتى يان - يېنى گۈلزار .
ئۈستىگە قىپقىزىل تۇغلار تىكىلگەن،
قارىغان كىشىدە بىر تىلەك قوزغار .

كىم ئىكەن ياتقان بۇ ھەيۋەت قەبرىدە،
كۈنتۈن گۈل پۈراپ باغى ئېرەمدىن؟
بۇ يەرگە كۆمۈلگەن قايسى دەۋردە؟
دەپ سوئال بېرەتتىم ئۆزۈمگە ئەمكىن .

ئوت چىقتى، گۈرۈلدەپ يېرىلدى قەبرە،
قوپتى دەس ئورنىدىن بىر يىگىت شۇ ئان .
لەرزىگە كېلىپ جان - تېنىم شۇ يەردە،
باستى زور قىياندەك مېنى ھاياجان .

لام دېمەي سۆكۈتتە تۇردۇم سۇر بېسىپ،
تونۇدۇم بۇ ئىدى «قايىنام ئۆركىشى» .
تۇراتتى كۆكسىدىن ئوقچۇپ قان ئېقىپ،
تۇراتتى يەلپۈنۈپ ئاقارغان چېچى .

قول سۇنۇپ دېدى ئۇ : «بەختلىك بۇ زامان،
مەن شۇڭا كەلتۈردۈم سېنى ئالدىمغا .
يازا! مۇگدەپ قالمىغىن، بولما دەرگۇمان،
قارا، بۇ قان ئۇرغۇپ تۇرغان باغرىمغا...

ئۇ مۇدھىش ئۆتمۈشتە زالىم ـ ستەمكار،
ئاتقان ئوق، سالغان ئىز ـــ ئىلھام بۇلىقى .
تىز پۈكمەي ۋەتەن دەپ قىلغاچ جان نىسار،
ئىجادىم ئۆمرۈمنىڭ بولدى ئۇتۇقى .

ھەي شۇ چاغ زەرەپشان، ئىلى، تارىمغا،
ئاققان كۆز ياشلىرىم قوشۇلۇپ كەتكەن .
لىق توشۇپ لوپنورمۇ ئاھۇزارىمغا،
يەر، ئاسمان ـ پەلەك چىلىك تۇتۇشۇپ كەتكەن .

تۆكۈلگەن قېنىمدىن پامىر باغرىدا،
سۇ ئىچتى قارىغايلار، گۈللەر ئالدى رەڭ .
قىزاردى ئۇپۇقنىڭ يۈزى لالىدەك،
بوۋاقلار يۈزىدە پەيدا بولدى مەڭ...

خىيالچان تىلەكتىن ياساپ گالڭ قانات،
يىللارنىڭ ئالدىغا ئۈزۈپ ئۆتتۈم مەن .
‹خەلق ـ ۋەتەن ئەلا› دەپ قالدىم مەن ھايات،
سوتسىيالىزمنى كۆرۈپ كۈلدۈم مەن...

كىم كۈتكەن؟
ئۇشتۇمتۇت بۇزۇپ قەبرەمنى،
كۆكسۈمنى چاققاندا ‹تۆت چايان› ئۇ چاغ .
سېنىڭمۇ ئۇستۇڭگە يىقىلدى، باستى،
دەرد ـ ئەلەم ھەم جايا بولۇپ خۇددى تاغ .

كۆيدۈردى «نەۋائى»، «مەشرەپ» نى نادان،
ئىمشىپەت كەبى چىن شائىرنى خورلاپ .
تەپەككۇر باغلىرى قىلىندى ۋەيران،
ئۆرتىلىپ تەسەۋۋۇر بوستانى كىتاب...

ئاخىرى مەلئۇنلار ئۆزى كولىغان،
قاراڭغۇ ئورىغا چۈشتى بىر يولى .
باق، نۇسرەت قۇچماقتا زەبەردەس كارۋان،
ئاستىدا دەۋرانىڭ ئۇچقۇر دۇلدۇلى .

نېمىشقا ھېسلىرىڭ قوزغىماس ياشناپ،
كۆك - يېشىل مايسىلار ياسىغان ئۆركەش؟
نېمىشقا زوقۇڭنى كەلتۈرمەس، چاقناپ،
مەرۋايىت داۋاندەك دۆۋە - دۆۋە چەش!

قار - مۇزلۇق كوئېنلۇن ئۇستىدە پوستا
تۇرغان ئۇ قەيسەرگە گۈلدەستە ئۇزات .
ئېسىلغان يۇلتۇزغا ئۆيدە - تورۇسقا،
نۇر بەرگەن ئىشچىنى سەن كۈيلىگىن شاد .

ياز، ئەلا ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگەن
تىرىشچان ئۆسمۈرنىڭ ئىقبالىنى ياز؛
مېۋىلىك پەن - بىلىم باغىدا باغۋەن —
سۆيۈملۈك ئۇستازنىڭ ئارمانىنى ياز .

ياز، ئوزغۇن قەدەملىك چارچىماس، تالماس،
قەھرىمان ئوغۇل - قىز ماھارىتىنى .
ياز، ھامان ئىزدىنىپ ھارماس، ئۇخلىماس،
ئىجادكار دانانىڭ كارامىتىنى .

ياز، ئاق چاچ ئانىلار بەختىنى يازغىن،
هويسىپىت ئاتىلار ئارامىنى ياز.
سەككاكى، نىزارى تۇگىتەلمىگەن،
غەزەللەر تومىنىڭ داۋامىنى ياز.

ياز! ئادەم سۇرەتلىك، خۇي - پەيلى شەيتان،
زىيانكەش ئەبلەخلەر قەستىنى ھەم ياز!
ئارىنى بۇزغان شۇم نىجىس، كاساپەت،
ئالدامچى، مۇناپىق، ئەسكىنى ھەم ياز!

ياز! ئۆرتە، بىرىلگەن شۆھرەت - ئاتاققا،
نائىنساب تەمەخور تاپاۋەتچىنى.
رەسۋا قىل ئىناقلىق - تىنچلىقنى ھامان،
خالىماس بەتنىيەت ئاداۋەتچىنى.

ئىبرەت قىل، ئۆتمۈشتىن ساۋاق ئالمىغان
تۇزكورلار نىقابىن يىرتىپ ھەر نەپەس؛
ۋەتەن - خەلق غېمىنى يېمەي ئالجىغان،
ئاسىينىڭ ئۇزارغان تىلىنى سەن كەس.

تاشلىسۇن قەلەمنى ئەلنى سۆيمىگەن
تەخسىچى، قارا دىل خۇشامەتچىلەر.
سوتلانسۇن جان ئاياپ جاپا كۆرمىگەن،
ياۋۇز قان ئوغرىسى — جىنايەتچىلەر!

بۇ ھايات كان ئىرۇر، قازساڭ زەر تولا،
بۇندىكى جاۋاھىر ئالەمدە يوقتۇر.
سىغمايدۇ بىر ئەمەس، مىليون دىۋانغا،
ساڭا ھەر قەدەمدە ئۇچرايدۇ مىڭ قۇر.

يېزىلغان ئۇيچان كۆز چاناقلىرىغا،
ھەر ئۇيىنىڭ ئىشكىگە يېزىقلىق داستان.
يېزىلغان ئالمىنىڭ ياپراقلىرىغا
يەلپۈنۈپ بېشىڭغا سايە تاشلىغان.

ئالمايسەن نېمىشقا بۇنىڭدىن ئىلھام؟
يېزىشقا ئۇلگۇرمەي قالدىڭمۇ مەگدەپ؟
كۆكتە ئاي،
كۆلدە ئاي...
ئايدەك ھەممە ياق،
ئەنە، تۈن پەرىسى كەلدى مەي تەگلەپ.

ئال ئىلھام جامىنى، ئىچكىن شادلىنىپ،
ياز، ئەزىز يارىڭنىڭ ۋاپاسىنى ياز.
زىنداندا سەن ياتقان چاغلار يادلىنىپ،
تارتقان دەرد ـ ئەلىمى، جاپاسىنى ياز.

مۇھەببەت شائىرنىڭ ئىلھام بۇلىقى،
مۇھەببەت ناخشىدۇر ئەلگە تارالغان.
مۇھەببەت كۆڭۈلدۇر سۆيگۈ ئوچىقى،
ئىنسانىي ئىسسىتىپ جۇلالاپ تۇرغان.

كۈيلىگىن شۇ ئۇتلۇق مۇھەببەت بىلەن،
كۈيلىگىن بۇ ئۇلۇغ دەۋرانىنى كۈيلە!
يىللارنىڭ ئالدىدا قوشاق قېتىپ ماڭ!
تۆھپىسىز ئۆمۈرنى سەن ئۆمرۈم دېمە!

ۋەتىنىم ـ خەلقىم دەپ باشلىغىن ناخشا،
بېغىشلاپ ئۆمرۈڭنى، كەلتۈر شان ـ شەرەپ!...»

خوش ئېيتىپ بىر قەلەم بەردى لۇتپۇللا،
ئالدىم مەن قولۇمغا، «ياشنا ۋەتەن» دەپ .

بولدى ئۇ قەھرىمان كۆزۈمدىن غايىب،
قەبرىسى دەرمەھەل كەلدى ئەسلىگە .
ئۇ قوللار ئۆيۈمگە كەلتۈردى مېنى،
يەتتىم مەن جانانىنىڭ گۈزەل ۋەسلىگە .

«ياز، كۈيلە!»دەپ سادا قىلغان بىر ئۈندىن،
ئەندىكىپ ئويغانسام تۇغۇپتۇ چولپان .
شائىرنىڭ ئوبرازى كەتمەي كۆزۈمدىن،
ئاڭلىنىپ تۇراتتى خىتابى لەرزان .

جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ لاۋۇلداپ ئىلھام،
يۆلىنىپ شىرەگە ئولتۇرۇپتىمەن .
بوشاپتۇ مەي بىلەن تولغان كۈمۈش جام،
نەچچە ئاق ۋاراقنى تولدۇرۇپتىمەن .

«قىز» بولۇپ كۆرۈنگەن قارىسام كۆكتىن،
مەھبۇبەم ئىكەن ئۇ يېنىمدا تۇرار .
تۆكۈلەر شېئىرلار ئاھۇكۆزىدىن،
ئوغلۇمغۇ بىر توپلام سۇنۇپ ئولتۇرار .

يەلپۈنەر ئانارگۈل زۇمرەت باغىدا،
سوقىدۇ غۇنچىدا مېنىڭ يۈرىكىم .
سوقىدۇ جانلىنىپ مىسرادا ـ قۇردا،
سىياھقا قوشۇلغان ئوتلۇق تىلىكىم...

قەلبىمدە ئالەمچە سۆيگۈ ـ ئىپتىخار،
باش ئېگىپ ئىلتىجا قىلىمەن شائىر .

بىر ئۆمۈر تەسەۋۋۇر قىلىپ ھەم پىكىر،
يازىمەن ئىزىڭنى بېسىپ چىن شېئىر .

1980 - يىلى 1 - ئاي



# يەلكەندىكى گۈلدەستە

— دېموكراتىك، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بېغىشلايمەن

«ئاقىرىپ كۆرۈنەر يالغۇز بىر يەلكەن...»

— م. يۇ. لېرمونتوف

ھەيۋەتلىك كۆك دېڭىز ئۈستىدە شامال،
مەۋج ئۇرۇپ چايقىلار سۇلار ئۆركەشلەپ .
ئاق تۇمان قىلغاندۇر ئەتراپنى قامال،
قىز يېشىل قىرغاقتا ئۇن چېكەر ئەجەب:

«مەردانە سۆيگۈنۈم، ئەي ئەزىزىم يار،
ئالدىرا، توزمىسۇن قولۇمدىكى گۈل...»
ئۇ سىلكىپ ياغلىقنى شەرەتلەپ تۇرار،
دولقۇنلۇق دېڭىزغا تەلپۈنگەن كۆڭۈل .

كېلەتتى بىر يەلكەن دولقۇن ئەۋجىدە،
مەرد يىگىت پالىقى يارار ئۇپۇقۇننى .
كۈن ئۆرلەپ تىكلەشكەن ئاسمان قەرىدە،
رەڭمۇرەڭ نۇر بىلەن بېزەپ دولقۇننى .

تىك تۇرۇپ يەلكەندە ئېيتار ئۇ ناخشا:
«كۈت نىگار، سەن تامان كېتىپ بارىمەن .
بولسىمۇ قاتمۇقات خەتەر يولۇمدا،
جان تىكىپ ئالدىڭغا يېتىپ بارىمەن...»

يىگىت: «كۆت» دېسە، قىز: «كۆتمەن يار» دەر،
بىر ئۆرلەپ، بىر پەسلەپ ئۈزەر ئۇ يەلكەن .
شۇ تاپتا ئۈچ باشلىق ياۋۇز جادۇگەر،
باقار سۇ ئاستىدىن كۆككە گىرىمسەن .

كىرىپ قىز تۇسىگە غەمكىن ھەم گۈزەل،
چىقتى ئۇ قارامتۇل دېڭىز يۈزىگە .
ئېسىلدى قېيىققا «ئاھ!» دەپ شۇ مەھەل،
تىكىلدى نازلىنىپ يىگىت كۆزىگە .

«سېنى دەپ غەرق بولدۇم، قۇتقۇز مېنى يار»
دېدى ئۇ يامغۇردەك تۆكۈپ يېشىنى .
سۆيگەن ئۆز يارىغا بولغان ئىنتىزار،
چايقىدى «توسما!» دەپ يىگىتبېشىنى .

چىقتى «قىز» يەلكەنگە، ئېگىلدى ئاستا،
يىگىتنىڭ بوينىغا سالدى ئۇ گىرە .
سەسكىنىپ ئۆرۈلغان سېسىق بەتبۇيدىن،
يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى كەلدى لەرزىگە .

چالڭ قىلىپ مەگزىگە تەگكەن كاچاتتىن،
چىرقىراپ ئايلاندى «قىز» قۇيۇنتازغا .
يىگىتنىڭ بېشىدا سورۇپ توپا ـ چالڭ،
جادۇگەر ئەپتىنى قىلدى ئاشكارا .

ئېچىپ ئۈچ ئاغزىنى ئوقۇدى ئەپسۇن،
يەلكەن دۈم كۆمتۈرۈلۈپ غەرق بولدى يىگىت .
ئۆرۈلدى قىرغاققا ھەيۋەتلىك دولقۇن،
قىز سۇنۇپ قولىنى دېدى: «ئاھ، ئىست!...»

شار ـ شار سۇ ئاۋازى يەتتى پەلەككە،
قارايغان ئاسماننىڭ چېكى سۆكۈلدى .
ئۇپۇقتىن ـ ئۇپۇققا تۇتاش زېمىنگە،
تۇتۇلغان قۇياشتىن ھەسرەت تۆكۈلدى .

دولقۇندا سۇرۇلۇپ چىقتى ئاق يەلكەن،
چىقتى كۆك قىرغاققا قايغۇلۇق، مۇڭلۇق .
«قېنى سەن، ئاشىقىم، مېنى دەپ كەلگەن،»
دەيتتى ئۇ دىلرەبا، «نېمىشقا سەن يوق؟...»

تاشلاپ گۈلدەستىنى يەلكەنگە جانان،
غەزەپناك دېڭىزغا ئاتتى ئۆزىنى .
دولقۇنلار بىر يېنىپ قايتا تۇرۇلۇپ،
ئاھ، پەرياد قاپلىدى قىرغاق يۈزىنى .

ياندىشىپ كۆتۈرۈلۈپ چىقتى ساماغا،
دېڭىزنىڭ باغرىدىن قىز ـ يىگىت روھى .
يەلپۈنۈپ چانىجان قىرغاق شۇ چاغدا،
كۈن پارلاپ نۇر چاچتى، بوران توختىدى .

تىنچىدى قۇدرەتلىك كۆك دېڭىز ـ قايناق،
ئۇ جەسۇر يەلكەنگە ياغدى شەرەپ ـ شان .
پەلەكنىڭ گەردىشى ئايلاندى شۇنداق،
بولدى شۇم جادۇگەر يەر بىلەن يەكسان .

باغرىدا گۈلدەستە چاقناپ قۇياشتەك،
تۇرىدۇ ئاق يەلكەن تىك قىيا تاشتەك .
بولۇپ ئەۋلادلارغا ئۆچمەس يادىكار،
تۇرىدۇ كۆك قىرغاق بىلەن تۇتاشتەك .

تۇردۇ دولقۇنلار مەۋجسىدە ئۇ،
كۈندۈز ـ تۈن جۇلالاپ نۇرغا چۆمۈلۈپ .
تۇردۇ شائىرلار نەزىرىدە ئۇ،
ناخشا ـ كۈي، شېئىرغا مەڭگۈ كۆمۈلۈپ .

1982 ـ يىلى 11 ـ ئاي



# دېرىزە ئەينىكنى سۈرتىدۇ ئانا

(باللادا)

خىيالچان نەزىرىدە خۇشخۇي بىر سىيما،
دېرىزە ئەينىكنى سۈرتىدۇ ئانا .
سۈرتۈپ چاڭ ـ توزانلارنى ئېغىر تىن ئالار،
كۆرۈنەر تېخىمۇ ئۈز سەھرا، تاغ، دالا .

«ئاھ سۈزۈك بولسا ئىدى مۇشۇ ئەينەكتەك،
ھەممىلا ئادەم ئەقلى داغسىز بىغۇبار .»
سۈرتىدۇ ئىندا قىلىپ جىسمىدا يۈرەك،
قارا قاش، غەمخور، ئويچان ئاقىلنى يادلار .

چاقنايدۇ ياپراقتىكى شەبنەمدە شەپەق،
چاقنايدۇ ئاق چاچ ئانا قارىچۇقلىرىدا .
چاقنايدۇ ماڭلىيىدا ئىز بولۇپ قالغان،
كەلمەسكە كەتكەن يىللار تارتۇقلىرىدا .

دېرىزە ئەينىكنى سۈرتىدۇ ئانا،
قارلىغاچ ئىشىك بېشىدا مۇڭلۇق ۋىچىرلار .
كەلگەندە كۆز ئالدىغا ئاشۇ ئەينەكچى،
«ئەخمەتجان ـ ئەخمەتجان!...» دەپ ئاستا پىچىرلار .

× ×

يىڭىلا پۈتكەندە ئۆي شۇ مەرد ـ ئەزىمەت،
بەرگەنتى ئەينەك سېلىپ، ئاقلاپ، نۇرلىتىپ .

كېيىن ئۇ قىلىچ تۇتۇپ ماڭغاندا ھەيۋەت،
«ياشا!» دەپ تىۋىلغانتى ئانا روھلىنىپ .

ئۆتتى ئۇ ئات ئوينىتىپ، ئۆتتى «ھۇررا» دەپ،
ئايانماس باتۇرلارنى باشلاپ مېڭىشقا .
لەرزىگە كەلگەنتى ياش ئانا قەلبى زەپ،
ياۋۇزلار بولۇپ تارمار قانلىق چېلىشتا .

كەلدى ئۇ ماشىنىدا بىر كۈنى كەچتە،
تۇل قالغان شۇ ئانىغا بەردى تەسەللى .
ياۋنىڭ ئوت توچكىسىنى يارتلىتىپ جەڭدە،
دىلدارى بولغاچ شېھىت دەپ ۋەتەن ـ ئەلنى .

بىر ئوغۇل، بىر قىز بىلەن قالغان شۇ ئانا،
ئەينەكنى يالتىرىتىپ سۈرەتتى كۈندە .
ئۆتەتتى يولدىن ئاشۇ جان كۆيەر دانا،
قالدۇرۇپ سىماسىنى مەڭلىغان كۆزدە .

ئۆتتى ئۇ بىر كۈز كۈنى پولات قوش بىلەن،
ئانا شۇ دېرىزىدىن كۆرۈپ ئېيتتى «خوش!»
ئۇرۇلۇپ تاغقا ھەيھات كەتتى بىئەجەل،
كۈتمىگەن پاجىئەدىن ئەل بولدى بىھوش .

قان يىغلاپ چىدالماستىن يىقىلدى ئانا،
ئۆملەپ تۇرۇپ يەنە سۈرتتى ئەينەكنى .
قار كەبى ئاقاردى پاك چاچلىرى مانا،
قانچە رەت بۇلۇت قاپلاپ كۆكنى ـــ پەلەكنى .

دېرىزە ئەيىنكىنى سۈرتىدۇ ئانا،
چاڭ قونۇپ، داغ چۈشۈپ، دەز كەتمىسۇن دەپ .
سۈرتىدۇ ھەر سەھەر قىلىپ ئۇ دۇئا،
ئېلىمگە مەينەتچىلىك ھېچ يەتمىسۇن دەپ .

قارايدۇ گاھى قايرىپ ئاپپاق پەردىنى،
قارىغايلار ياشناپ تۇرغان قارلىق تاغلارغا .
كۆرەر مۇز چوققىلاردا قار لەيلىسىنى،
قارايدۇ يۇرتقا زىننەت بەرگەن باغلارغا .

تۆكۈلگەن ياپراقلارنى كۆرەر بوراندا،
جۇدۇندا ئېچىلغان گۈل ـ چېچەكنى كۆرەر .
قاراپ شۇ دېرىزىدىن ئەلگە ـ جاھانغا،
لاۋادەك ئۆچمەي يانغان يۈرەكنى كۆرەر .

ئوغۇل، قىز نەۋرىسىگە قىلىپ ھېكايە،
ئەسلەپ شۇ ئەينەكچىنى ياش تۆكەر، كۈلەر .
سېغىنىپ ئولتۇرالماي، تۇزۇپ گۈلدەستە،
بېرىپ گاھ ھەرەمباغىقا قەبرە سۈپۈرەر .

بازاردىن گۆدەكلەرگە ئالما ئېلىپ گاھ،
ئۆزىمۇ دېرىزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەر .
غۇبارسىز شۇ ئەينەككە قاراپ چەكسە ئاھ،
غۇبارسىز قەلب ئىگىسى ئاڭا كۆرۈنەر .

ئانا بۇ دېرىزىگە قاراپ زوقلىنىپ،
كۆرەر ھۆر كەلگۈسىنى ـــ يۈيۈلغان نۇردا .
«قايدا ئاھ! شۇ ئەينەكچى» دەيدۇ يوقلىنىپ،
«كەشكى ـ ھە، يېنىدا ئۇ باغۇنىم بولسا...»

× ×

دېرىزە ئەينىكىنى سۈرتىدۇ ئانا،
سۈرتىدۇ بالىلىرى تۇرۇپ تاڭ سەھەر .
گۈلدىكى تامچىلارنى شەبنەم دېمەڭلار،
شۇ ئانا كۆزلىرىدىن ئاققان تامچىلار .

1983 ـ يىلى 1 ـ ئاي



# يېڭى يىل سۈرەتلىرى

ئاھ! شورلۇق ئۆمرۈمنىڭ ئەكس ساداسى
ئاغرىتما قۇلاقنى، مەن كەتتىم ئۇزاپ...

— يوقىلىپ كەتكەن شېئىرىمدىن ئېسىمدە قالغان مىسرالار

## 1940 – يىلى

قۇرۇقداۋاتقاندا ئانام زاكامنى،
يېڭى يىل كىرىپ كەپتۇ .
سوۋغا قىلىپ،
ماڭا قار ئېلىپ كەپتۇ .
ئىڭە...
ئەللەي...
بۇ مۇڭلۇق سادا
قوشۇلۇپتۇ شىۋىرغاننىڭ ئۇشقىرتىشىغا .
ئورۇن ئاپتۇ موردىن يېڭى يىل،
ئىس يېنىپ،
ياش قوشۇلۇپتۇ ئانام يېشىغا .
ھاۋا تۇمان ئىكەن...
ئالەمدە بوران ئىكەن...

## 1946 – يىل

بوران پەسلەپ،
كۆن قارا پەردىنى يىرتىپ چىققاندا،

ئەقلىڭ بىخلىسۇن دەپ،
ئاتام قولۇمغا تۇتقۇزدى قەلەم .
«ئا» نى يېزىپ،
«ب» نى يېزىپ،
كۈتتۈۋالدىم يېڭى يىلنى،
ئىلىپ كەپتۇ ماڭا غەم .
ئىلىپ كەپتۇ قۇياشتىن ئوتلۇق ھېس،
ئايدىن چىگىش خىيال،
يوللاردىن دەرد ـ ئەلەم .

## 1950 ـ يىلى

ئىلىپ كەلدى يېڭى يىل،
ئاتامغا ھاياجان،
ئانامغا تەئەججۇپ .
يۇرتقا ئۆزگىرىش،
مەكتەپكە خۇشلۇق،
ماڭا شوخلۇق،
قار بوۋاي ياساپ ئوينىدۇق .
مۇزلاپ ئۆيگە كەلدىم،
ئىشىمنى قاتۇردى،
ئۇيقۇمنى قاچۇردى،
كۆزۈمنىمۇ ياشلىدى،
مۇئەللىم بەرگەن تاپشۇرۇق...

## 1952 ـ يىلى

يېڭى يىلدا ئوقۇدۇم،
قۇياشنى كۈلدۈرۈپ،

ئاینی شەیدا قىلىپ،
تۇنجى قېتىم يازغان شېئىرىمنى .
ئىشقىم چۈشتى گۈلگە،
غۇر ـ غۇر شامالغا،
قارلىق تاغلارغا،
دەريا ئۆركىشىگە،
ئوماق بوۋاققا...
جاھان گۈزەل كۆرۈنۈپ ماڭا،
گۈزەللىك ئاچتى پىكرىمنى .

1955 ـ يىلى

يېڭى يىل كەلدى گۈل سۇنۇپ،
گۈلنى ئېلىپ سوۋغا قىلدىم قىزغا .
ۋاھ، خاتىرەم توشتى،
يازغان شېئىرلىرىم بىلەن .
بېشىم يەتتى بۇلۇتقا،
خىيال قۇشۇم قوندى مارسقا .
ئۆزۈم سۆيگەن گۈزەلنى ئىزدەپ،
ئاتلاندىم سەپەرگە قەشقەردىن .
كىتاب كۆتۈرۈپ،
خانتەڭرى، بۇغدا چىقتى ئالدىمغا،
لۇتپۇللانى سېلىپ يادىمغا...

1957 ـ يىلى

بۇ يېڭى يىل كەلدى باشقىچە:
ئۇچراتتىم يولۇمدا،

بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن بوۋاقنى...
بۇ نىمە ئۇ-پۇن؟ دېدىم ۋارقىراپ،
گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ،
چاقماق چاقتى،
پىغانىم تاشتى، ھەممە ماڭا باقتى .
ئاھ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ،
ياشلىرىم ئاقتى .
سەتلەشتى بىردىن،
ماڭا ئۇ چاغ گۈزەل كۆرۈنگەن ئالەم .
ئىستىكىم قانات قاقتى،
پەلەك قەھرىگە ئۆرلەپ .
شۇنداق باغرى تاشلىق،
شۇنداق خىيانەت قىلسا بولامدۇ،
ئادەمگە ئادەم؟!...

## 1958 ـ يىلى

ئەلگە سوۋغا دەپ،
قارا بۇلۇت ئېلىپ كەلدى يېڭى يىل .
تېڭىرقاپ قالدىم،
نىمىشقا ھاۋا ئېچىلمايدۇ؟ دەپ
قويدۇم سوئال .
ئاسماندىن مۆلدۈر،
كۆزلەردىن يامغۇر ياغدى،
سوئالىم جاۋابسىز قالدى .
ھەقىقەتكە ئۆز يۇمغانلار،
قارا قالپاق كىيدۈردى دەرھال .

بېشمغا قارا قازان دۇم كۆمتۈرۈلگەندەك،
قاراڭغۇدا قالدىم شۇھال،
لېكىن ۋۇجۇدۇمدا غالىب ئىرادە،
ئاچار ماڭا قۇچاق ھامان ئىستىقبال .

## 1959 ـ يىلى

ھەددىدىن ئېشىپ يېڭى يىل،
تۆمۈر قىسماق سوۋغا قىلدى ماڭا .
ئاھ، مېنىڭ قەلەم تۇتقان،
كىتاب كۆتۈرگەن،
يارغا گۈل سۇنغان قوللىرىم قايرىلدى .
خۇشاللىقتىن بولدۇم جۇدا،
گۈل ـ گىياھنىڭ تىكىنى بولغاندەك،
ئادەمنىڭمۇ بۆرىسى،
تۈلكىسى بار ئىكەن،
چىشلىدى، قان قىلدى باغرىمنى...
بۇ قانداق قىسمەت ئۆزى،
بەندە ئارزۇ قىلمىغان،
ھېچبىر كۈتمىگەن مۇندا؟!...

## 1960 ـ يىلى

ئورۇقلاپ ھالسىراپ،
مۇنۇ ئۆيگىمۇ كىردى يېڭى يىل .
سورىسام بىر ئورام تاماكا،
«سەن تېخى چېكەمسەن؟» دېدى .
سورىسام بىر بۇردا نان،

«نورماگنى يېمەمسەن؟» دېدى .
قانداق قىلاي؟ سۇيۇق ئۇماچ،
دائىم قورساق ئاچ...

## 1966 ـ يىلى

قىزىل بەلگە تاقاپ نەيزە كۆتۈرۈپ،
ۋەھىمە ئېلىپ كەلدى يېڭى يىل .
كىتاب كۆيدۈرۈلدى،
مۇنار ئۆرۈلدى .
قارا چاچلار كېسىلدى،
كاستۇملار يىرتىلدى .
ھەتتا يىرتىلدى كالتە ئىشتانمۇ،
بولمىسىلا قىزىل .
ئاھ، گۈزەل ھايات،
كۆڭۈللۈك ھايات،
تۆھمەتكە قالدى،
تۇس ئالغاچ يېشىل .
بالا ئاتىسىنىڭ،
ئاتا بالىسىنىڭ،
كانىيىنى سىقىشتى .
ئۇستاز ۋە شاگىرت،
بىر ـ بىرىنى تېپىشتى .
ئانا كاچات يېدى قىزىدىن
قالدى تىلىدىن...
بۇ،
ئاڭغا، كۆڭۈلگە ئىگە

ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىقى؟
ھايۋانلىق تەبىئىتى غالىب كەلدىمۇ،
يا ئازدىمۇ ئەقلىدىن؟
بۇ سورۇقچىلىقنىڭ
بولسۇن قانداق قىزىقى؟
كۆرۈپ تۇردۇممەن،
تۆمۈر پەنجىرە كەينىدىن
ئاھ، بۇ قانداق ھايات بولدى؟!
شەيتان داپ چالسا،
ئالۋاستى ئۇسسۇل ئويناپ.
جىنلار تەخسە كۆتۈردى،
چايانلار كەتتى يامراپ.
ئاھ بۇ قانداق ھايات بولدى؟!
ئېگىز قالپاق كىيگەن ئادەملەر،
سارغىيىپ ئورۇقلاپ.
سەمرىپ كەتتى چاشقان،
قەغەز چايناپ.

## 1969 ـ يىلى

تۆمۈر پەنجىرىگە يامىشىپ يېڭى يىل،
كۆرسەتتى ماڭا،
يول ـ يولغا تۆكۈلگەن قانلارنى.
قالپاق ئاستىدا يانجىلغان باشنى،
دەسسەلگەن كۆكرەكنى،
ھالىدىن كەتكەن ئىمجانلارنى.
كۆرۈپ قوي دېدى

ئادەمگە ئوخشاش كېيىنگەن،
قىزىل يۈز،
قارا كۆز،
نەشتىرى زەھەرلىك چايانلارنى .
بىلىپ قوي دېدى،
قارىنى ئاق قىلىپ،
ئاقنى قارا قىلىپ،
چېقىپ تۇرىدۇ ئامانلارنى .
ئاھ! دېدىم،
ياش تۆكتۇم،
مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتتىم،
ئەسكى چىننى ساپايى قىلىپ چېلىپ .
پەرياد ئۇرماقتا ئىدى،
زامان ئەقلىدىن،
يۇرت ـ ماكان بەختىدىن ئايرىلىپ .

**1972 ـ يىلى**

بىلەلمىدىم،
بۇ يىل قانداق كىردى؟
قار ياغمىدى،
لېكىن ھاۋا بۇزۇق .
باشقىمۇ،
تاپانغىمۇ،
نەشتىرىنى سانجىدى چايان،
سانجىدى سوغۇق .

## 1973 ـ يىلى

ئۇھ، ئولتۇردۇم،
ئەسكى ئۆيدىن ئاقساپ چىقىپ،
كۆرەلمىدىم مەن قۇياشنى،
تەلمۇرۇپ بىقىپ .
يېڭى يىل كىيدۇرۇپ قويغانتى ماڭا،
كۈننى كۆرسەتمەيدىغان،
بىگىز دەك سانجىلىپ تۇرىدىغان،
«ئۇنسۇر» ئاتلىق قالپاق ئۈستىگە،
«ئۆكتىچى» ئاتلىق قالپاق .
بۇ قالپاقلار،
يامغۇر ياغسا،
مۆلدۈرگە باستۇردى مېنى .
تەلۋىنى كۈشكۈرتۈپ تاش ئاتقۇزدى
كۆكسۈمگە
ئۈستۈمگىلا چۈشۈردى ئاپتاپنى .
ئۇرۇلۇپ بېشىمغا دائىم،
بولۇپ قوش چوماق .

## 1976 ـ يىلى

قارىلىق تۇتۇپ كىردى يېڭى يىل،
يىغا،
ھەسرەتلىك يىغا...
پۈتۈن ئەلنى كەلتۈردى لەرزىگە .
ئۆلۈم ئالدىدا،

پادىشاھمۇ،
پۇقرامۇ،
ئوخشاشلا ئادەم بولۇپ قالىدىكەن .
كەلمەيدىكەن قولىدىن ئۇنى توسۇش
ھەتتا بىر مىنۇت ئۆمرىنى ئۇزارتىش .
ئۇچرىغاندا داھىي ئەجەل زەربىسىگە،
ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ چۈشمىدى،
يەر يېرىلىپ كەتمىدى .
ئۆلگەنىنىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمىدى،
بېسىپ كەتتى يىغىنى كۈلكە .
قوتاندىكى قوي چىقتى يايلاققا،
قاپقانغا چۈشۈپ،
كۆزى ئالايغان بۆرە،
تىلى تۇتۇلغان تۈلكە...
مەن يىغلىمىدىم،
كۆزۈمدىن ياش قۇرۇپ كەتكەچ .
كۈلمىدىم ھەم
ۋاقتى ئۆتكەندە شادلىقمۇ كەلگەچ .
ھالبۇكى، توي قىلدىم،
ئىللىتتى مۇزلىغان تېنىمنى
چوغلانغان مەش ئەمەس،
قىزنىڭ باغرى .
بىراق رازى بولمىدى،
ھەقسىز كوچا سۈپۈرگۈچىدىن،
بىتەلەي كېلىنىنىڭ
ئاراملىق ئىستىگەن كۆڭلى،
يالاڭ ئۇچىسى

ئۇمتۇلگەن ئاغزى .
چۈنكى
بېشىمدىكى قالپاق
نائىلاج قىلىپ قويغانتى شۇنداق .

## 1977 ـ يىلى

يەنە كوچا سۈپۈرۈپ،
كۈتۈۋالدىم يېڭى يىلنى .
چەتلەپ ئۆتمەكتە كىشىلەر مەندىن،
ئېچىشتۇرۇپ يۈرەك يارامنى .
ئاھ، يالغۇزلۇق،
خورلۇق،
چۆل ـ چۆل قىلىۋەتتى
ئۈپۈرىغان تېنىمدىكى دىل قاچامنى .
كەتكەن يامانلاپ خوتۇنۇم،
غېرىب كۆلبەمدىن...
بىر ئەمەس،
ئون ئەمەس،
نەچچە يۈز قېتىم ئەرز يازدىم،
ئۇچۇر بولار دەپ،
يۇقىرى يا تۆۋەندىن .
تەقدىر!
ئەي تەقدىر،
ماڭا كەڭ قۇچاق ئاچقىن،
ئۈمىدىم ئۈستۈن ئەمدىكى .

## 1978 ـ يىلى

يېڭى يىل كۈلۈمسىرەپ قويدى ماڭا .
مازاق ئەتكىنىمۇ بۇ؟
ياكى هال سورىغىنىمۇ؟
بىلمەستىنلا باهار كەلدى .
سۆلار شىرىلداپ ئاقتى،
چېچەك ئېچىلدى .
مېنىڭ ئارزۇ گۈلۈم نېمىشقا ئېچىلمايسەن؟
كۆزۈمدىن ياش ئاقمىسىمۇ ،
يىغلايدۇ قەلبىم .
تېخى بايىلا ،
ۋاپاسىز خوتۇنۇمدىن
ئاجرىشىپ كەلدىم .
ئەمدى ياستۇققا
باش قويىمەن تەنها ،
قولۇمدا تاماكا،
ئۈچقۇنى چۇشۇپ،
كۆرپەم كۆيۈپ قالمىسۇن،
ساقلىغىن ئۆزۈڭ، ئەي خۇدا .

## 1979 ـ يىلى

ئۈمىد بىلەن باش كۆتۈرۈپ،
كۈتۈۋالدىم يېڭى يىلنى .
ئۈمىد تېنىمدە ماغدۇر،
ئۈمىد كۆزۈمدە نۇر ،

ئۇمىد ماڭا جان .
ئۇمىد ياۋغا ئۇرغان خەنجىرىم!
ئۇمىد قالقىنىم،
ئۇمىد ھاياتىم!
ئۆتسىمۇ يىللار،
ئايرىلمايمەن ئۇنىڭدىن ھېچقاچان!
كەلدى باھار،
شەپەق گۈل رەڭگىنى ئالدى .
ئۇمىدىم قەلبىم دېرىزىسىگە تاشلىدى جۇلا .
ئېلىندى ئاخىر بېشىمدىن،
ئاشۇ نەس قالپاق،
مەن جاندىن جۇدا بولمىدىم،
بولدۇم ئاپەتتىن جۇدا .
قەدىمىم گۈلشەنگە يەتتى،
ئېيتتىم باھار ناخشىسىنى
ئاۋازىم ئەلگە يەتتى .
دوستۇم كىتاب،
دوستۇم قەلەم،
دوستۇم قەغەز،
دوستۇم گۈل تاپتى مېنى .
ئاھ، مېنىڭ سۆيگەن مەشۇقۇم،
جاسارىتىم ئاشتى،
ئۆيدىمۇ،
يولدىمۇ،
ئىشخانامدىمۇ قۇچاقلاپ سېنى .

## 1980 ـ يىلى

سورىدى كىرىپ يېڭى يىل:
«خەلقىڭنى سۆيەمسەن؟»
«سۆيىدىغانلىقىمنى تېخى بىلمەمسەن!
سۆيمەمدىغان، سۆيىمەن» دېدىم .
كۆز ئالدىمدىن ئۆتتۈپ چايانلار،
بىردىن قايناپ تاشتى غەزىپىم .
ئانا كۆكسىنى چىشلىگەن خۇنخور
چىلبۆرە چىشلىرىنى چاققۇم كەلدى .
ئاتىسىغا ئېتىلغان
ۋەھشىي قاۋانىلىڭ باغرىغا
ئوت ياققۇم كەلدى .
قېرىندىشى كۆكسىگە دەسسەپ
شىر ئالدىدا ھىجايغان
ئاشۇ تۈلكە ئاغزىغا
ئوق ئاتقۇم كەلدى .
كۆرسە سېنىڭ دەپ،
كۆرمىسە مېنىڭ دەپ ئالار،
ئامانەتكە خىيانەت قىلار .
شەيكىلىك،
سەللىلىك،
دوپپىلىق،
پەسكەشلەرگە ئوقۇيمەن لەنەت .
قولىدا تەخسە، ئاغزىدا خوش ـ خوش،
ئاتقا مىندۈرىمەن دەپ،
ئورىغا ئىتتىرەر .

«سەپداش» قا،
«دوست» قا ئاتەشتۇر
كۆڭلۇمدە نەپرەت .
مىللىتىم باغرىدىكى
ھەسەت ئاتلىق كۆيدۈرگە
مېنى سەسكەندۈرەر .
تۆمۈرنى چوغ قىلىپ كۆيدۈرمىگۈچە
شىپا تاپماس ئۇ،
تاراپ ئەلنى زەھەرلەندۈرەر .
ھەممىدىن يامىنى
ھەرە، چۈشىن بولۇپ،
بىر - بىرىنىڭ ئېشىنى بۇلغاش .
بىر - بىرىگە كولاپ ئورا،
قىيادىن،
ياردىن،
ھاڭغا غۇلاش .
غەزەپلەندۈرەر مېنى
مېنىڭمۇ ئانام بار،
سىڭلىم، ئاچام بار دېمەي،
قىز، ئاياللارنى خورلىغان نامەرد!
ماڭا دۈشمەندۇر
قولتۇقتا سايىدايدىغان،
ماراپ گەپ تىڭشايدىغان،
رەزىل كاسايەت .
جاھان ئالدىدا،
ئۇچۇر دەۋرىدە،
قېرىندىشىم،

يۇرتىدىشىم دېيىشتىن
ئېمشقا نومۇس قىلماي،
زېھنى - پىكرى يوق،
قەھرى - مېھرى يوق،
ئىزدەنمەس - ئىنتىلمەس
بىغەم نادانلارنى .
نومۇس قىلىمەن!
ئۇيغۇر، دەپ ئاتاشتىن،
ئادەم دەپ ساناشتىن،
تاپان ياللاشتىن ھېيقمايدىغان،
غۇرۇرسىز كاززاپ ساياقلارنى .
ئەجەبلىنىمەن، يامانلىق كۆرۈپ
دوستىغىمۇ،
ئەلگىمۇ،
زىيان سالغان قاراملارنى...
دېدى يېڭى يىل،
مىللىتىڭ ئاق كۆڭۈل،
ئۇنىڭدىن بەزمە .
ۋە لېكىن ئاق كۆڭۈل مەن دەپ
ئەزمەڭنى ئەزمە .
ئەمدى سەت تۇرىدۇ،
ئېشەكنى مىنمە!
پىكرىڭنى قانات قىلىپ،
پەلەككە ئۆرلە .
نېچۈن مىللىتىمدىن بېزەي يېڭى يىل؟!
مەن سۆيىمەن،
ياخشى كۆرىمەن،

چولپانغا دىلدار،
بىلىمگە خۇشتار،
بەلبىغى مەھكەم ئۇيغۇرۇمنى .
ئەزىزلەيمەن،
ھۆرمەتلەيمەن،
جەڭدە غالىب،
ئىشتا چىۋەر،
بېلى پۈكۈلمەس،
رىشتى ئۈزۈلمەس،
ھايالىق، ۋاپادارىم يۇرتلۇقۇمنى .
ئۆزۈم قانداق؟
تو ۋا!
يار ئىزدەپ يۈرۈپ تالاشتا قالدىم .
ئىسسىدىن چىققانمۇ جانانلارنىڭ
قېرى بويتاقلىقىم؟
يا ئۇلارنى كۆيدۈردىمۇ ـ ھە
قاريىسپ تۇرغان بۇرۇتۇم؟
يىللار ئىز سىلىپ ئۆتكەن،
ئويچان چىھرىمدىكى ئوماقلىقىم؟
مەن قانداق؟
يىللار ئۆزى جاۋاب بېرەر .
شادلىقىم شۇكى،
مېنى تاللىغاندەك،
مەنمۇ تاللاپ،
قەلبىمۇ، چىھرىمۇ گۈزەل قىزنى ئالدىم .
توي ئاخشىمى قولداشلىرىم مېنى
يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ باردى قىز ئۆيىگە .

ئەي مېنىڭ چۆلدە قالغان يىگىتلىك چېغىم!
قايتىپ كەل ئەمدى
ياشلىقنىڭ كىمخاب كۆشۈكىگە!...
مەن قانداق؟
دېمەك، شۇنداقمەن،
مىللىتىمنى سۆيىمەن!
چىن ئادەمنى سۆيىمەن!!
لېكىن ئېشەكنى منمەيمەن .
پىتنىدىن،
توپا - چاڭدىن بىزارمەن!!!

## 1981 - يىلى

مەشۇقۇمنىڭ كۆزىدىن جاي ئالدى يېڭى يىل،
باشقىچە چاقناپ .
خۇش خەۋەر ئېيتتى:
«ئاتا بولدىڭىز!»
ماڭا قانات پۈتۈلۈپتۇ .
ماڭا كۈچ قوشۇلۇپتۇ!
دادا! دېگەن سادا غەيرىتىمنى ئاشۇرىدىكەن،
قوشۇلۇپتۇ ئىزىمغا ئىز،
ئەمدى ئۆلسەم ئارمان يوق .
جىنازام ئالدىدا ماڭىدىغان ئادەم بار!
نەسلىم ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ،
ئەۋلادىم تۈگىمەيدۇ،
باللىرىم نەزىرىدە گۈزەل ئالەم بار!
بۇ يىلنىڭ كۆزى يازدەك

ئىللىق كەلدى .
ئانار قىزارغاندا،
ئەنجۈر پىشقاندا،
تۇغۇلدى قىزىم .
جىلمىيىپ كۈلدى،
ھالسىز ياتقان،
رەڭگى زەپىران،
ئانىسى — جېنىم .
ئىڭە - ئىڭە...
ئەللەي - ئەللەي،
بۆشۈك تىنىمسىز تەۋرەيدۇ،
پەلەك چاقى چۆرگۈلەيدۇ .

## 1982 - يىلى

يېڭى يىل گۈلدەستە سۇندى ماڭا،
ئىجادىم بولدى ئىجادكار .
ئاقلىدى مېنى قارىلىغان سوت،
ئاقلاندى بىنەلەي بوۋاق .
ئەمدى قەلىمىم ئەركىن تەۋرەر،
يىگىرمە كۈن ئەمەس، يىگىرمە يىل
تارتتىم ئەمەسمۇ ئېغىر رىيازەت؟
بەختىم شۇكى،
مېڭەمدىن ئاداشمىدىم،
ئەقىدەمدىن يانمىدىم،
گۈلنى تىكەن دېمىدىم،
يىلان، چايانغا ئايلىنىپ كەتمىدىم .

تەقدىم قىلدىم ئەلگە «ئالتۇن ئاچقۇچ»،
ئاق بەتلەرگە ئاققۇزدۇم قان ـ تەر .
ئەي كۇن!
نېمانچە تېز ئۆتتىدىغانسەن؟
ئۆمرۈمدە بۇنچە ئالدىرىمىغانىدىم .
خۇشالمەن،
ئەمەلگە ئاشتى مانا،
ئاشۇ چاغ كۆكتە «توختاپ قالغان»
قۇياشقا بېقىپ .
بېشىمنى قاشلاپ،
تىت ـ تىت بولۇپ،
«شۇنداق بىر كۈنگە يېتەيكى» دېگەن تىلىكىم.

## 1983 ـ يىلى

ئارقا ئىشىكتىن كىردى يېڭى يىل،
نەپ ئىزدەپ ئاقار ئىشىكتىن ماڭدى بەزىلەر .

تاڭ قالدۇرۇپ ئۇلارنى،
مەن ئارقا ئىشىكتىن ماڭمىدىم .
ئالدى ئىشىك بىلەن
يۆتكەلدىم گۈلشەندىن ـ گۈلشەنگە .
ھەسەتخور سارغايدى،
تەمەخور ئاغزىغا سېرىقسۇ كەلدى،
خۇشامەتچى ئېگىلدى،
مەن ئۇنسىز كۈلگەندە .
قاقاھلاپ كۈلدۈم ئۇلارنى چۆچۈتۈپ،

كۆلمەن!
ئۆلۈمنى تونۇۋالالمىغاندەك،
ھېچكىم تونۇۋالالمايدۇ مېنى كۆلۈشتىن .
كۆلمەن يىغلىماي،
كۆلۈش ئەركىم .
مەن ئۈچۈن
كۆلۈش لەززەتلىكتۇر سۆيۈشتىن .
قىزىم تۇغۇلغاندەك
ئىزباسار ئوغلۇم تۇغۇلسا،
كۆلمەمدىمەن؟!
قىران مەردلەر
كۆلۈپ ناخشا توۋلاپ
يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسا .
سۆيۈنۈپ كۆلمەمدىمەن؟!
ھاكاۋۇرلارنىڭ قاپاق تۈرۈشنى،
ئىش بېشى بولغان نايناقلارنى،
كىشنى ئەمگەككە دەۋەت قىلغان ھۇرۇنلارنى،
تەمترەپ قول قويىدىغان ساۋاتسىز
گال پىچاقلارنى،
كۆرۈپ ھەيران قىلىپ،
ئەقلىمنى سەرسان قىلىپ كۆلمەمدىمەن؟!
كۆلەيلى، ھە كۆلەيلى!
ئايرىلىپ چىقسۇن،
راست ۋە يالغان كۆلگەن!
ئۆلۈك تۇرۇپ ياشاۋاتقان
تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن...

## 1985 ـ يىلى

كۆلۈپ كىردى يېڭى يىل،
ئارقا ئىشىكتىنمۇ،
ئالدى ئىشىكتىنمۇ؟
بىلەلمىدىم .
كۆلۈپ كېتىۋاتىمەن قىز، ئوغلۇمنى يېتىلەپ،
كېتىۋاتىدۇ ھەممە بەس ـ بەستە،
قوللاردا گۈلدەستە،
قامچا بارلار ئاز .
مەن تېخى كۆزلىگەن گۈزەل
كۆن پاتماس مەنزىلگە يېتەلمىدىم...
ھايات ئېقىنىدا
قىيا تاشتەك تۇرۇپ قالماي
قولۋاقتەك ئۈزۈپ كېتىۋاتىمەن .
مەنزىل!
ئەي گۈزەل مەنزىل،
سەن قاچساڭمۇ مەندىن ئۇيۇقتەك،
توختىمايمەن، ساڭا يېتىۋالىمەن .

## 1987 ـ يىلى

ئالدى ئىشىكتىن كىردى يېڭى يىل،
ئۆتتى قەلبىم دېرىزىسى ئالدىدىن .
كۆلۈپ قويدى،
دېدى ئاپىرىن!
مەنمۇ كۆلۈپ قويدۇم .

ئۇزاتتىم ئەمەسمۇ
يېڭى يىلدىن قىرىق ئالتىنى .
ھەممىنىڭ چېھرى يادىمدا
يادىمدا يىغا ـ كۈلكىسى، چاقچىقى .
بىلگىنىم شۇكى،
ئۆزىنى خورلاپ ئۆمرىنى زايە قىلار،
كۆتۈرۈپ يۈرۈپ تاما خالتىسىنى،
ئادەمنىڭ ئەڭ ئەخمىقى .
مەنچۇ؟
جاپادا ئۆتكەن ئۆمرۈمنى،
بولمىدىم سېتىش كويىدا .
ئىبرەت ـ ساۋاق پۇلدىن ئەلا!
يۇشمان قىلىپ چەكمەيمەن ھەسرەت .
ھامان
ئېشەك مىنىپ توپىدا قالغان قېرىندىشىمنى،
ماشىنىدا ئولتۇرۇشقا،
كۆكتە پەرۋاز ئەيلەشكە،
قىلىمەن دەۋەت .
گۈل ئەمەس يا تىكەن ئەمەس،
ھەر يىلى كىتاب سۇنىمەن
تاپسۇن دەپ قۇدرەت .
يۇرتداشلىرىم
سەزگەندۇ،
ھېس قىلغاندۇ،
دائىم قايغۇرۇپ غەم يەيدىغانلىقىمنى،
ئەلنى توزۇتمىسۇن دەپ نادانلىق، غەپلەت .
مەندىن رازىمۇ ئېلىم؟

قانداق ياشىدىم؟
قانداق ياشايمەن؟
دائىم ئۆزۈمگە قويىمەن سوئال .
ۋىجدانىم دەر:
كۆپ جاپا تارتقان بولساڭمۇ
خەلق رازى بولغۇدەك قىلغان ئىشىڭ ئاز .
قارا، نەزەر سال،
يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ
دۇنيانى ئايلانغان،
دۇنياغا يورۇقلۇق بەرگەن،
دۇنياغا ئارامبەخش ئەتكەن،
ئايغا چىققان ئاقىللاردىن ئۈلگە ئال .
شائىرسەن!
ئىنسانلىق پەزىلىتىڭنى،
گۈزەل خىسلىتىڭنى،
باشقىلارغا بېرىۋېتىپ،
سۆزۈڭ ھەرىكىتىڭگە ئوخشىماي
لەنەتكە قالما!
ھېسسىياتلىق ئادەمسەن!
ئەقىدەڭدىن كەچمە،
ئىرادەڭدىن يانما،
بوشاشما،
ئەجرىڭنى دەرياغا سال .
پۇلغا ـ ئاتاققا،
مەنسەپكە ئەمەس،
مۇھەببەت باغلا ھاياتقا،
قەدىرلىنىپ ياشا!

مەن ھاياتنى سۆيىمەن
ئادەملەرنى ياخشى كۆرىمەن!
ۋىجدان بۇيرۇقىغا سالىمەن قۇلاق .
يىللار ئۆتتۈۋېرىڭلار،
يېڭى - يېڭى سۈرەتلەرنى قالدۇرۇپ .
ئالبوم قىلاي،
كۆرۈپ ئەۋلادىم ئالسۇن ئىبرەت،
ئالسۇن ساۋاق .

بىر - بىرىنى كولىمىسۇن!
بىر - بىرىنى يۆلىسۇن .
بىر - بىرىگە كۆيۈنسۇن!
بىر - بىرىدىن سۆيۈنسۇن .
تىلەيمەنكى، ئەي يىللار،
خۇنۇك،
دەھشەتلىك،
قاتىلدەك ۋەھشي،
پاھىشىدەك نەپرەتلىك،
بەتبەشىرە سۈرەتلەرنى
ئۇلار كۆرمىسۇن!

1990 - يىلى

چېچىمغا ئاق چۈشۈردى يېڭى يىل،
قولۇمدا قەلەم،
بېشىمدا غەم،
قەلب كۆزىدە سالىمەن نەزەر.
يۇرتۇمدا، ۋەتىنىمدە

توپا ـ چاڭ،
پىتنە ـ پاسات ئازىيىپتۇ .
بۇ نېمىدېگەن خۇشاللىق ـ ھە!
بىر چاغدا قاراپ تۇرسام،
مەكتەپتىن يانغان ئوغۇل ـ قىزىم
يەتكۈزدى ماڭا خۇش خەۋەر:
«دادا ـ دادا!
تېپىلىپتۇ تەكلىماكاندىن
بىر قەدىم شەھەر .»
دېدىم: «بالىلىرىم
ئەل تەقەززا بولغان
تارىخىمىز يېزىلىپ بولدى،
پەردە ئېچىلىپ بولدى،
كەينىمىزدە قالغاننىڭ
ھەممىسى ھېكايە،
ھەممىسى چۆش.
ئالدىمىزدا شانلىق زەپەر،
ئوقۇغۇچىلار قۇشتەك قاناتلانغۇچە،
يۇيۇغۇلار نۇر بىلەن تۇپراقنى!
قالمىسۇن چاڭ ـ توزان .
قاپلىسۇن چۆل ـ جەزىرىنى،
مۇزاتنى، بۇغدانى،
نۇر سۆيگەن يېشىل باغىباراڭ .

2000 ـ يىلى

ئېلىپ كەپتۇ يېڭى يىل نەۋرەمگە،
ناخشا ئېيتالايدىغان،

ئاپتومات ئاتالايدىغان قورچاق .
نەۋرەم ئۈنى كۆردى،
ئالدى ـ كەينىگە ئۆتتى .
«جەك» باشلىدى ئۈنىڭ بىلەن،
داۋاملاشتى بۇ شىددەتلىك ئېلىشىش ئۇزاق .
بىردىن قورچاق،
يېسىۋالدى نەۋرەمنى .
«ۋاي!» دېدى ئانىسى ئەنسىز،
كەتتى دادىسى چۆچۈپ .
بىرلا تۇرتۇپ نەۋرەم
ئۈستىگە چىقتى قورچاقنىڭ،
ئىككى پارە قىلدى،
بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ .
ئەجەبلەندۇق شۇ دەم،
مومىسى سۆيدى پېشانىسىغا،
ئانىسى سۆيدى مەڭزىگە .
«هوششەرە ئوغلۇم» دېدى ئاتىسى،
مېنىڭ يۈرىكىم كەلدى لەرزىگە .
نەۋرەم،
غالىب جەڭچىدەك مەردانە
تۇراتتى كۈلۈپ .
كېرىلىپ .
ئويلىدىم،
چوڭمۇ،
كىچىكمۇ،
غەلىبە قىلالماس،
دۈشمەن ئالدىدا

قورقۇپ، يىلىنىپ .
ھايات يولىدا،
مۇراد تاپالماس
ئارقىغا چېكىنىپ .
ئادەم دۇنيانى ئوينىتىدۇ،
دۇنيا ئادەمنى ئويناتقاندەك .
يوللار ئۈزىلار،
مۇساپە قىسقىرار،
تۇغۇلۇپ ئارزۇدىن يېڭى تىلەك .
نەۋرەم،
قەھرىمان نەۋرەم!
كاشكى سىنىلڭ تويۇڭنى كۆرسەم؟!
كاشكى سىنى مارسقا ئۇزىتىپ
كۈلۈپ تۇرۇپ ئۆلسەم .

1987 ـ يىلى 1 ـ ئاي، قەشقەر



# قەسىدىلەر

# قەسىدىلەر

# ئانا قەسىدىسى

1

چولپان كۆلۈپ كىرپىكىدىن ئۈزدى ئوق،
تاڭ سۈزۈلدى تۈن پەردىسى يىرتىلىپ .
چۈشتى غۇنچە ئۆززە غىل - پال بىر يورۇق،
مەشرىق تەرەپ قىز مەڭزىدەك قىزىرىپ .

گۈلنى كۆرگەن كىشى بارمۇ جاھاندا؟
تۇرغىنىدا پورەك يېيىپ ئېچىلىپ .
ھەتتا بۇلبۇل كۆرەلمىگەچ، ئارماندا
ناخشا ئېيتار ھەسرەتلىنىپ - ئېچىنىپ .

شۇ ياڭلىغ كۈن چىقار غىپلا تۇيدۇرماي،
قىزارغاندا چەكسىز ئۇپۇق ئوت ئېلىپ .
يىتكەن مەھەل يۇلتۇز بىلەن چولپان، ئاي،
ھال رەڭ لىنتا قالار كۆككە ئېسىلىپ .

بالقىپ قۇياش باش كۆتۈرسە، نېمىشقا
تارىم، ئىلى جۇلالىنىپ ئاقمىسۇن؟
سۇ پەرىسى ئۈستىگە نۇر چېچىلسا،
ساچىن تاراپ نېچۈن كۈنگە باقمىسۇن؟

شۇنداق گۈزەل تاڭ ئىدى بۇ، خىسلەتلىك،
تەڭرىتېغى ئېتىكىدە پارلىغان .
لېكىن شۇ تاپ ئاۋاز كېلەر ھەسرەتلىك،
كىمدۇر تاڭدىن خوۋلۇق كۆرمەي زارلىغان؟

قىزمىدۇ ئۇ تاشلاپ كەتكەن ئاشىقى؟
جۇۋانمىدۇ دىلدارى يۈز ئۆرۈگەن؟
خەستە دىلمۇ چۈشۈپ پەلەك چاقمىقى،
مال ـ مۈلكىنى بەختى بىلەن ئۆرتىگەن؟

ياتار ھالسىز ئانا ئاپپاق تۆشەكتە،
گۈل چىرايى گويا تامدەك تاتىرىپ .
تولغاق تۇتۇپ سانجىپ بىگىز يۈرەككە،
ئىڭراپ نالە قىلار تىنماي ئاھ چېكىپ .

گاھى چاچراپ تۇرۇپ كېتەر ئورنىدىن،
قارا چېچى تېقىمىغا ئۇرۇلار .
گاھى كېتەر سەنتۈرۈلۈپ ھوشىدىن،
كىشىگە ئۇ مۇردا كەبى تۇيۇلار .

گاھى ھارغان كىشى ئوخشاش يول يۈرۈپ،
«ئۇھ!...» دەپ تىنار ھالسىزلىنىپ، جىم بولۇپ .
گاھى يىغلار يۈت ـ قولنى دۈمچىيىپ،
كەتكەن كەبى يۈرەك ـ باغرى سۇغۇرۇلۇپ .

قىينالدى ئۇ، بەك قىينالدى مۇشۇ ئان،
مۇمكىن بولسا يارسا دەرھال قارنىنى؛
كۆرۈپ باقسا پۈتمەس ئازاب تۇيۇلغان
شۇ نەرسىنى، قالماس ئىدى ئارمىنى .

2

كىشنەيدۇ ئات، مەرەيدۇ قوي دالادا،
باغدا شاپتۇل، ئالما، ئۆرۈك شىلدىرلار .

ۋىچىرلايدۇ قارلىغاچ قونۇپ ناۋاغا[1]،
بىر جان ئانا ئايغىدا پىتىرلار...

خوراز چىللاپ يەرگە چۈشتى قونداقتىن،
كاككۇك سادا بەردى تېرەك شېخىدا.
شامال ئۇرۇپ بۇي كەلدى گۈل، قىياقتىن،
چىقار شۇدەم ئۆيدىن مۇڭلۇق بىر نىدا!

ساپايىدىن كېلەر ئاۋاز قايغۇلۇق،
ئۆتەر يولدىن كارۋان چېلىپ قوڭغۇراق.
دەريا ـ ئۆستەڭ ئۆركەشلەيدۇ شاۋقۇنلۇق،
لېكىن ئۆينى قۇچقان زىل ئۇن بەك ياڭراق.

ھېچ ساداغا ئوخشىماس بىر چىرقىراق
ئاۋاز تولۇپ شۇ ياش ئانا ئۆيگە.
«ئىڭە...» دېگەن ھەم يېقىملىق ھەم ئوماق
ئۇن قوشۇلدى ئىللىق باھار كۈيگە...

بوۋاق ئاستا كۆز ئاچقاندا ئالەمگە،
ئۇ نېمىنى كۆردى ئاۋۋال سەپسىلىپ؟
قوش تامچىدىن تۆرەلگەن بۇ ئادەمگە،
باقتى قانداق جاھان ئورۇن، جاي بېرىپ؟

كۆرۈندىمۇ تورۇستىكى ۋاسلار،
گۈل ئويۇلغان جەگىلەرگە تۇتاشقان؟
كۆرۈندىمۇ قارا قانات قارلىغاچلار،
ئۇۋىسىدا ۋىچىرلىشىپ ئولتۇرغان؟

① تامنىڭ تورۇسقا تۇتاشقان يېرى.

كۆرۈندىمۇ جۇلا تاشلاپ تۇغلۇككە،
كائىناتنىڭ چىرىغىدىن چۈشكەن نۇر؟
يا باققاندا دىرىزىدىن گۈللۈككە،
كۆرۈندىمۇ غۇنچىلارنى سۆيگەن نۇر؟

كۆردىمۇ يا تېلېۋىزور، ئۇنىئالغۇنى،
نېمىلەردۇر ئاڭا قىزىق تۇيۇلغان؟
قارىدىمۇ يا نەقىشلىك ئىشكاپقا،
جىلد ـ جىلد كىتاب تىزىپ قويۇلغان؟

تەلپۈندىمۇ ئۇچاقتىكى ئوتقا ئۇ،
يالقۇن يالماپ تۇرغان قارا چۆگۈنگە؟
بۇ چوڭ ئالەم يېڭى ماكان ئەمەسمۇ؟
شۇ دەم تىنچىق، تار تۇيۇلغان ئۇنىڭغا؟

بوۋاق ئاستا كۆز ئاچقاندا ئالەمگە،
بىر سىيمانى كۆردى كۈندىن ئىللىقراق.
دىمىقىغا ئۇرۇلدى ھىد شۇ دەمدە،
جەننەتتىكى گۈللەردىنمۇ خۇش پۇراق.

ھەممىدىن بەك گۈزەل ۋە پاك تۇيۇلدى،
شۇ ئۇلۇغۋار، شۇ يېقىملىق خۇش چىراي.
سەبىي دىلغا ئۇنىڭدىن نۇر قۇيۇلدى
(تاكى مېڭىپ... ئالغۇچە ئۇ گۆردىن جاي...)

بۇ ئالەمگە كۆز ئېچىپ ئۇ ئېتىدا،
شۇ مېھرىبان سىيما ئىدى كۆرگىنى.
ھېچ نەرسە ئەمەس، بەلكى ئاۋۋالا،
ئانا كۆكسى ئىدى پۇراپ سۆيگىنى!

...

دۇنيادىكى ھېچنېمىنى تۇيمىغان،
ۋە بىلمىگەن غەمسىز بوۋاق چېغىمدا .
ئىختىيارسىز سەزگەنىدىم، كىتابخان،
ئانا قەلبى، سۆيگۈسىنى دىلىمدا .

شۇ سۆيگۈدىن قاناتلىنىپ ئىدرىكىم،
ھەر نەرسىنى بىلدىم يېشىم چوڭايدى .
گەر غېمىم كۆپ، ئالدىراش ھەم خىزمىتىم،
ئۇنتۇپ قالما ئاق سۈت بەرگەن مومايىنى!

3

تاي ئۆزىنىڭ نامى بىلەن تۇغۇلار،
يەر ئۆزىنىڭ نامى بىلەن تونۇلار .
تۆرىلىدۇ ئادەم نامسىز، ئالەمگە،
جىنسىغا ماس ئات تالىنىپ قويۇلار .

سۈت ئۇيقۇسى — شېرىن ئۇيقۇ خۇمارلىق،
ياتار ئوخلاپ بوۋاق راھەت ئىچىدە .
قىلچە خۇنۇك داغ يوق ئىدى غۇبارلىق،
سەللىمازا جامالىدا — يۈزىدە .

بىر قارىسا ئوخشار ئۇنىڭ ماڭلىيى
ئاتىسىغا — قارا قېشى، قوي كۆزى .
بىر قارىسا ئوخشار ئېلىپ قاڭشىرى
ئانىسىغا — پېشانىسى، ئاي يۈزى .

شۇ چاغ يىغلاپ ئىزدەپ ئانا كۆكسىنى،
كۆز ئاچقاندا بىقىپ ئىككى يېنىغا .

ئايان قىلار بۇ جاھانغا ھۆسنىنى،
ئوغۇز سۇتى تاراپ ـ سىڭىپ جىسمىغا .

ئانا كۆلۈپ زاكىسىنى يەڭگۈشلەر،
ياتقىنىدا بوۋاق ئىڭراپ تىپچەكلەپ .
ئوقۇپ ئەزان، تەكبىر ئېيتىپ ئات قويار،
ئاتا مېھرى دەريا كەبى ئۆركەشلەپ .

بولۇپ بوۋاق ئىسمى ـ جىسمى بار ئادەم،
قوشار جاھان نوپۇسىغا بىر نوپۇس .
ئانا قەلبى ئوخشاش ئاڭا مۇجەسسەم،
سۆيگۈ، نەپرەت، غۇرۇر بىلەن ئار ـ نومۇس .

4

كىم سۆيمىسۇن گۈزەللىكنى، نۇسرەتنى؟
بارچە ئىنسان ئارزۇ قىلىپ سۆيىدۇ .
قارىغۇ قارغاپ قاراڭغۇنى، زۇلمەتنى،
يورۇقلۇققا شەيدا بولۇپ ئۆلىدۇ .

پەرۋانىنىڭ نەزىرىدە شام چىراغ،
ئەڭ گۈزەلدۇر، شۇڭا ئۇرار ئۆزىنى .
گۈزەللىككە ئىنتىلدۇرۇپ ئوت، پىراق،
روشەن قىلار ئاشىقلارنىڭ كۆزىنى .

كىرپە چېغى يۇمشاق بالام دەرئىمش،
ئاپپاق بالام دەپ كولەرمىش قاغىمۇ .
ئانا ئۇچۇن ھەممىدىن پاك، ھەم رايىش،
گۈزەل ئوماق كۆرۈنگەن شۇ بالىغۇ؟

كېتەر شۇڭا تارتقان ئازاب ئۇنتۇلۇپ،
باقسا ئانا يۇمران بوۋاق يۈزىگە .
ھايات شۇنداق داۋام قىلار قاندۇرۇپ،
چاڭقىقنى ئانىلارنىڭ كۆزىدە...

## خاتىمە

كەچكەن چېغىڭ بارمۇ ھايات پەيزىدىن،
ئاناڭ ئۈچۈن سۆزلىگىنە ئويلىنىپ؟
ئانا قەلبى ئىللىق شاھىنىڭ قەسرىدىن،
سەن سوغۇقتا قالما ئۇندىن قوغلىنىپ .

ئەسلىمىگە خاتىمە بۇ ئۇنتۇما،
ئاق چاچ ئاناڭ ئالدىدا سەن كىرىلمە .
شۇ ئاناڭغا ئېگىل، ئەمما بىراۋغا
سەن خۇشامەت قىلىپ زىنھار ئېگىلمە!

1983 - يىلى 2 - ئاي

# ياشلىق قەسىدىسى

ياشلىق — پادىشاھلىق.

— ئۇيغۇر خەلق ماقالى

## مۇقەددىمە

قىلدۇ ياشلىقىمنىڭ ئىز - دېرىكىنى،
ئۇچرىسا تونۇشلىرىم ئەيتىمگە قاراپ.
يىلىنجاپ قەلبىم ۋال - ۋۇل چاقماق چاقدۇ،
ھەرقاچان «ياشلىق» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ.
مۇشۇدەم ئۇ نەدە، بارمۇ ۋە يا يوق؟
كۆڭ - ئايىنى قىلىپ شاھىت مەن بېرەي جاۋاب.

## خىسلىتىم

ھەر كۈنى ئۈمىد يۆلەپ تىمەن تۇرىمەن.
ۋۇجۇدۇم جاسارەتكە تولۇپ، روھلىنىپ،
قەلبىمگە سالسام قۇلاق تېزلەپ قەدىمىم
«سەن تېخى بىر ياش بالا...» دەيدۇ جۇش ئۇرۇپ.
ھېلىمۇ ئوخشامدىمەن بالىغا، دوستۇم،
تەپەككۇر ئاسمىنىدا لەگلەك ئۇچۇرۇپ؟
نەدىكى!
شالاڭلاشقان ساقال، چاچلىرىم،
كېڭەيگەن پېشانەمگە چۈشكەن سىزىقلار؛

ياشلىقنىڭ ئالىقاچان ئۆتكەنلىكىنى
بىلدۈرۈپ تۇرمامدۇ شۇ ئازگال ـ ئېرىقلار؟
يېزىلغان قامۇس ئاشۇ،
سالغان ئىز ئاشۇ
مۇزلىتىپ، ئاغرىق بەرگەن سوغۇق ـ ئىسسىقلار .

«بالىسەن!...» دەيدۇ ئۇقچۇپ نېمشقا قەلبىم،
تەبىئەت قانۇنىغا قىلماستىن پىسەنت ؟
بۇ شەكسىز بويۇنتاۋلىق (گەپمۇ شۇنىڭدا)!
ئىنسانلىق خىسلىتىم بۇ — ياشلىقىمغا تەن .
ئىشقىم بۇ كۆزۈم ئېچىپ ۋەتەنگە چۈشكەن،
قالسىمۇ شۇرغاندا كۆيۈپ ئۆچمىگەن!

## رازىمەن

ھەر كۈنى ئۈمىد يېنىپ يالقۇنلىنىمەن،
ئاشىقتەك قايناق شېرىن ھېسقا چۈمۈلۈپ .
شۇ ئۈمىد بىلەن كۆككە بويۇن سوزىمەن،
ياشلىقىم بۇلۇتلاردا چاقناپ كۆرۈنۈپ
(چاقماقتەك گۈلدۈرلىتىپ قەلبىم كۆكىنى،
ھاياتىمغا يەتكۈدەك ئۆتكەن دۇر تۆكۈپ ...)

ئورنىلىپ ئاق چېچەككە ئاشۇ ياشلىقىم،
ھېلىمۇ قەلەم تۇتۇپ كۆرۈنۈپ تۇرار .
پەرىنى مەپتۇن قىلغان سۇمبات بەستىدە،
قارلىق تاغ كۆكسىدىكى قارىغاي ھۆسنى بار .
تىكىلگەن كۆزلىرىگە غەرق ئېرۇر ئالەم،
بىر دەريا قوشاق ئاققان كۆڭلى چىمەنزار .

نەلەرگە بارمىدى ئۇ — ئىزچى ياشلىقىم،
تاغ ئاتلاپ، دەريا كەچتى ئىزدەپ يەن - بىلىم.
كان قىزىپ ئالدى گۆھەر قىزىل بىنادا[1]،
شۇڭىمۇ ئۇتلۇق ئىدى يازغان شېئىرىم.
خىيالچان تىلەكلەرگە بولدۇم مەن ئەسىر،
سامادا سەير قىلىش ئىدى تىلىكىم.

نەلەردە بولمىدى ئۇ — ئۇزغۇن ياشلىقىم،
تاغلاردا ئاتەش بولۇپ تاۋلىدى تۆمۈر.
چاڭقىغان باياۋانغا سۇنى باشلىدى،
كانلاردا قارا تۈندە قازدى ئۇ كۆمۈر.
نالىماي، ياش ئورنىغا تەر تۆكۈپ سۇدەك،
بوز ئاچتى كولاپ يۇلغۇن... ئۆتتى بۇ ئۆمۈر.

قالدىمۇ سەن تارتمىغان ئازاب، ياشلىقىم!؟
تاشلاندىلىق ئوتقا، سۇغا سارالىق قۇيۇندا.
ئازغىنا مېۋىسىنى قالدى پاك ساقلاپ،
بوي بەرمەي بەرداشلىقىم مۇدھىش جۇدۇنغا.
رازىمەن ياشلىقىمدىن ئانا يۇرتىدا —
ئەجرىدىن ھوسۇل بەرگەن چېچىلىپ قۇمغا...

## ساۋاقداشلىق مېھرى

ھەر كۈنى ئۈمىد بىلەن ئويغا چۆكۈمەن،
ساۋاقداش - دوستلىرىمنى سېغىنىپ ئەسلەپ.
رىشتىمىز ئۈزۈلمىگەچ ھىجران تىغىدا،
كۆرۈشتۇق ھايات ئىشقى دىلدا ئۆركەشلەپ.
رىشتىمىز بىر - بىرىگە ئۇلاقلىق شوتا،
قويۇلغان كۆك قەرىگە ئەۋلادنى كۆزلەپ.

---

① شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۈچ قەۋەتلىك قىزىل بىناسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

گۈل ئۈزرە گۈلشەن ئارا بۇلبۇل ئىدۇق بىز،
سايرىسا خەندان ئۈرۈپ غۇنچە ئېچىلغان .
خەلق غېمى بىزگە بالدىن شېرىن تېتىغاچ،
مۇڭداشساق لەۋزىمىزدىن يۇلتۇز چېچىلغان .
ئايرىلىپ ئۇزاق يىللار جەم بولۇپ بىلدۇق؟
ئىكەن بۇ ھاياتىمىز ئەلگە چېتىلغان .

چوڭقۇركەن باغراشتىنمۇ شۇ قايناق مېھرى،
ئۇستىۈنكەن خانتەڭرىدىن ھىممەت كۆكىدە .
ئاق چاچلىق ساۋاقدىشىم ئۇچرىشىپ قالسا،
قارايمەن ئوت چاقنىغان ياشلىق كۆزىدە .
شۇ مېھر تۆپەيلىدىن مۇكچەيگەن تەننىلۇ،
ياشلىقى قالىدىكەن «سالام» سۆزىدە...

گۈل قالار ئوت لاۋۇلداپ كۆيگەن يەرلەردە،
ئۆچمەيدۇ، ساۋاقداشلىق مېھرى ئۆچمەيدۇ .
قار كۆچەر، قۇملار كۆچەر چەكسىز چۆللەردە،
كۆڭۈلدىن ساۋاقداشلىق مېھرى كۆچمەيدۇ .
ياشايلى بولۇپ ھاسا بىر - بىرىمىزگە،
دوستلىرىم يىلتىز تارتقان ئىز كۆمۈلمەيدۇ .

## ئۇستازىم ۋە شاگىرتىم

ھەر كۈنى ئۈمىد يۆلەپ مەن يولغا چىقسام،
قالىمەن ئوقۇغۇچى ۋاقتىمغا ئوخشاپ .
دۇنيادىن ئوقۇغۇچى بولۇپ ئۆتكۈم بار!
ياخشىنى ئۇستاز تۇتۇپ، كىتاب قۇچاقلاپ .
ئالدۇر شاھ تەختىدىن ئۇستاز مۇنبىرى،
تەلمۈرگەن كۆزلەردە ئوت تۇرغان جۇلالاپ .

دەرسخانا ــ خان قەسرىدىن مۇقەددەس ماكان،
مەن ئۇچۇن تېپىلماس بەخت ساۋاق ئۆگەتمەك .
چۆمۈلۈپ ياش بوغۇنلار ۋەسلى مېھرىگە،
ئارمىنىم ــ ھاياتىمنى شامدەك تۈگەتمەك .
دۇنيادا تەڭدىشى يوق نەرسە بار دېسەم،
ئۇ گۆھەر ئەمەس، بەلكى ئۇستازلىق يۈرەك .

كۆرىمەن ئۇستازىمنى دەرس ئۆتۈپ چىقسام،
كۆرىمەن ئاق سۈت بەرگەن ئانا مېھرىنى .
كۆرىمەن تەشنالارنى كىرگەندە دەرسكە،
كۆرىمەن ئايدىن نۇرلۇق بالا چېھرىنى .
كۆرىمەن شاگىرتلار قەلبىدە مەغرۇر
يېڭى باب ئاچقان جۇشقۇن ياشلىق زېھنىنى:

ئۇچۇپ ئۆت يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ ئۇلار،
كۆك ئاسمان پەرىسىنى قىلغاندا ھەيران؛
يارىتىپ ئىجادىدىن تۆھپە ـ مۆجىزە،
ئاتالغان چاغلىرىدا ئالىم، قەھرىمان؛
تارتقان دەرد، كۆرگەن راھەت قالسا ئۇنتۇلۇپ،
ئۇنتۇماس ئۇستازىنى شاگىرت ھامان .

## قانات

ھەر كۈنى ئۈمىد يۆلەپ دەررە ئۇرىمەن،
ھاكاۋۇر، شۆھرەتپەرەس نەپسىم بېشىغا .
تەمەنىڭ قاچىسىغا دەسسەپ تۇرىمەن ــ
ئۆزىنى تولدۇرۇشنىڭ چۈشكەن كويىغا .
ئىنسابقا كېلىپ بىردىن تاپىمەن دەرمان،
ھەي! يەنە مىنىپ چاپقۇر ياشلىق ئېتىغا .

يۈز تاپقان مەردلىك بىلەن ياشلىق چېغىنى —
ئۇنتۇغان ئۇياتسىزدا بولامدۇ ۋىجدان!؟
ياشلىقىم نەزەر چۈشكەن گۈل ئىدى خۇشبۇي،
ئايرىلماي شۇ نەزەردىن بولغاي گۈلستان.
جان قۇشى قىلسا پەرۋاز تېنىمدىن مەڭگۈ،
ئايرىلماس روھىم يەنە ياشلىقتىن ھامان.

ياشلىقنىڭ ساداقىتى، سۆيگۈ - نەپرىتى،
مۇجەسسەم ۋۇجۇدۇمدا، مەن شۇڭا ھايات.
يېشىمنى يوشۇرسام مەن قىلماڭلار تەنە،
ياشلىقتا يېقىن تۇراي دەيمەن ئۆمۈرۋات.
مۇرادىنىڭ مەنزىلىگە ئېلىپ بارىدۇ،
بىلىمدىن ياشلىقىمدا چىقارغان قانات.

## مەن، بالام ۋە ئانىسى

ھەر كۈنى ئۈمىد يۆلەپ گۈلنى پۈرايمەن،
ئويغىتىپ ۋاڭ - چۇڭلىرى قايناق ھاياتنىڭ.
بالىلىق غېرىب ئۆيى گويا بىر بازار،
بالىسىز شاھنىڭ قەسرى — گۆرى ماماتنىڭ.
ياشلىقنىڭ سۆيگۈسىدىن تەۋرىگەن بۆشۈك،
ئانىقا - ئات چاتسا ئۆچمەس ئىزلىرى ئاتنىڭ.

پەلەكتىن سۆيۈنىمەن، غەيرىتىم ئاشار،
يالقۇنجاپ مۇھەببىتىم جىسمىمنى تاۋلاپ.
مەڭزىمنى تۇتۇپ بەرسەم ئوغلۇم، قىزىمغا،
«دادا!» دەپ بوينۇمغا چىڭ ئېسىلار ئويناپ.
چوڭ بولار بالىلىرىم تايانچىم، باغرىم،

بايرامدا كۆلۈپ قەھ ـ قەھ،
قايىنامدا قايناپ .

دەسسىتىپ مىختەك يەرگە تە ـ تە ئېتىمەن،
باسسۇن دەپ ئوغۇل ـ قىزىم ئازماي ئىزىمنى .
«ياشىرىپ كېتىپسىز» دەپ ئانىسى نازدا
سىلايدۇ يۆكۈلمىگەن بەردەس تىزىمنى .
تەسەۋۋۇر ئەينىكىمدە كۆرىمەن خۇشال،
قەھرىمان ئوغلۇم بىلەن ئالىم قىزىمنى...

قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇپ دەيمەن، «قارىچۇقۇم!
ياشلىقىڭ ئالدىڭدىدۇر، ئالدىڭدا بەختىڭ .
شەمشەر بول تاشنى كېسەر،
پاختا بول يۇمشاق،
ئەلگە نەپ بەرمەك ئۈچۈن دۇنياغا كەلدىڭ .
ئايانماي بىلىم ئىزدە،
ياۋغا تىز پۈكمە!
ئۆلمەيسەن يۇرت ـ ۋەتەن دەپ سوقسا پاك قەلبىڭ...»

بىر تۈندە ئون ئويغىتىپ يىغىسى بىلەن،
يۈرەكنى ئوت، سۇ قىلىپ ئۆسەر جان بالام .
كۆزىگە كۆرۈنمەستىن چەككەن جاپالار،
شۇ كەبى باققان مېنى ئاتام ھەم ئانام .
تۆگىمەس ئەجرى مەندە قىلسام خىزمىتىن،
مىڭ يېنىپ ياشلىقىمغا ئالماستىن ئارام .

ئالدىمدا

ھەر كۈنى ئۈمىد يۈلەپ شۇنى كۆرىمەن:
قىيغىتار ئاق چوققىدا يېشىل قارىغاي .

تۆۋەندە شارقىرايدۇ توختىماس ئېقىن،
تولدۇ خۇش ناۋاغا پايانسىز كەڭ ساي .
كۈن جىلۋە قىلىپ ئەنە ئويچان كۆزلەردە،
تەر ئاققان چىرايلاردا جامال ئاچار ئاي .

چوكانتال يەلپۈنگەندە ئالتۇن قاناتلار —
گۈل پۇراپ شىرنە يىغار، ھەقسىز بال ھېرەر .
سوققاندا غۇر ـ غۇر شامال دۆۋىلىنىپ چەش،
يېرىلغان كۆكچىلەردىن يۇرەك سۇ ئىچەر .
قالدۇرۇپ مېۋىسىنى تۆكەلىسە ياپراق،
كۆمۈلگەن پېتى قارغا يەر كۈلۈمسىرەر...

ئاشىقمەن، ئاھ، مەپتۇنمەن ساڭا ۋەتىنىم!
ئىستەيمەن قۇچىقىڭدا كۈيلەپ ياشاشنى .
ئەبەدىي تۈگىمەس كۈچ ـ قۇدرەت بىلىمەن،
ياشلىقىم كۆزلىرىدە ساڭا قاراشنى .
تۇغۇلسام كاشكى سەندە يەنە يۈز قېتىم،
بەختىڭگە، ھۆرلۈكىڭگە ئاتاپ بۇ باشنى!

ئۈزىدۇ دولقۇنلارغا شۇڭغۇپ نەزىرىم،
كېلىدۇ قايناملاردىن ئۆركەش ساداسى:
ئەۋلادلار پەخىرلەنسۇن ئەمگەك تەرىڭدىن،
بولمىغىن بايلىق، ئاتاق قوغلىشىپ ئاسى .
ئۆلچىنەر ئەمەلىيەت تارازىسىدا،
ئۆلچىنەر «مەن ـ مەن!» دېگەن مەردىلىك باھاسى .

بىلدىم، دەپ كۆرەڭلىگەن پەسلىك، نادانلىق،
كۆپ تېخى بىلگىنىمدىن بىلمىگەنلىرىم .

بىلگەنلەر بىلىپ سۆزلەر، بىلمىگەن قاۋار،
ئالدىمدا ــ بىلمەيمەن دەپ ئىزدىگەنلىرىم .
يولۇچى،
ئوقۇغۇچى،
ساياھەتچىمەن!...
ساداقەت كەمەرىدە باغلانغان بېلىم .

ئۇ غەيۇر ياشلىقىم ئۆتمىگەن تېخى،
كۆۋرۈكلەر ئالدىمدىدۇر،
ئالدىمدا داۋان .
چىداملىق غەيرىتىمنى سىنايدۇ يوللار،
بىرىمەن خەلق ئالدىدا ئەلا ئىمتىھان!
جان، ماڭا بۇ ئىشەنچىم ياشلىقتىن كەلگەن
ئەل ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ ياشايمەن ھامان .

## ياشلىقىم تۈگىمەس داستان

ھەر كۈنى ئۈمىد يۆلەپ كۈنگە باقىمەن،
دەر قەلبىم:
بول ماھارەت پەيتىدە بىدار.
قۇش بولغىن بۈرە ئالار، تۈلكىنى باسار،
چۈجىنى ئېلىپ قاچار سار بولما زىنھار .
سەن تەختى سۇلايمانغا ئەمەس،
ھاجەتمەن،
ئىنسانغا قانات بېرىپ بولغىن بەختىيار...

چېقىلىپ بۇ سادادىن قانائەت كۈرسى،
مەن چاچراپ تۇرۇپ كەتسەم ئاينى كۆرىمەن -

«ئاز ئۇخلا، كۆپرەك ئۆگەن، ئىشلە، ئايانما!»
دەپ بىردىن ساقلىمنى سىلاپ قويىمەن .
نۇرلانغان كۆز ئالدىمدا تۇرار ياشلىقىم،
غىرىبتەك كۆيۈپ سەنەم ۋەسلىگە يەتكەن .

بىر قەرنە ھەمراھ بولغان دىلدار قەلىمىم،
ياشلىقىم سۈرىتىنى رەڭمۇرەك سىزار :
گاھ قارماق سىلىپ تۇرار بۇغدا كۆلىگە،
گاھ تارىم قۇملۇقىدا — دەشتتە جەك قىلار .
مۇزاتقا مىنىپ گاھى سۇرىدۇ خىيال،
گاھ ھېيتگاھ گۈلزارىدا گۈلدەستە تىزار...

ۋە لېكىن ئۆتتى ئاشۇ نادىر ياشلىقىم،
ھېچكىممۇ مېنى ئەمدى ياش دېمەس، ھەق راست .
تەر تۆكۈپ ھالاللاپ يەپ ئەلنىڭ تۇزىنى،
بىراۋنىڭ تاۋىقىنى چاقمىدىم، خالاس!
بايلىقىم — كىتاب، قەلەم، باغدىكى خۇشگۈل...
بالامغا تىللا ئەمەس، قالار بۇ مىراس .
تىڭشايمەن ياشلىقىمنىڭ ياڭراق كۈيىنى،
ئەنجۈردىن، ئانار، تالدىن ئېگىلىپ تۇرغان .
ئايىنغان كۆچەت ئىدى يىگىت ۋاقتىمدا،
بېشىمغا سايە تاشلاپ تۇرار بۇ زامان .
قەبرەمنى گۈلگە پۈركەپ مېۋىلىك باغدىن،
ئەۋلادىم ئاڭلار قانماي تۈگىمەس داستان .

دوستلىرىم، پەزىلەتكە ئىگە ياشلىقىم،
كەتسىمۇ چىرايىمدىن، كۆڭلۈمدىن كەتمەس .
ياشلىقىم — شېئىرىمدا مەردلەر سىماسى،

ياشلىقىم كۆڭلۈم مېنىڭ ئۆمۈرۋات ئۆلمەس .
شۇڭلاشقا «بالىسەن!...» دەر شوخلىنىپ قەلبىم،
ۋەسلىمگە ھېچ زاماندا قېرىلىق يەتمەس .

## خاتىمە

«مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلدىم» دەيدۇ بەزىلەر،
مەن ئۇنداق بولمىدىمكى، ياشلىقتا قالدىم .
جانىجان ۋەتەن قوينى مەن ئۈچۈن جەڭگاھ،
چىقمەن تىك چوققىغا، قارالىڭ، ئات سالدىم؛
جىسمىمدە شىر غەيرىتى،
پىل ھىممىتى،
كەينىمدە ئۆچمەس ئىزلار... گۈلىستان ـــ ئالدىم.

1983 ـ يىلى 3 ـ ئاي



# ۋەتەن قەسىدىسى

تۇنجى رەت كۆز ئېچىپ كۆردۈ ئىنسان،
بېشىدا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئانىنى .
شۇ ئانا كۆزىدىن بالقىپ قۇياش، ئاي،
نۇر سېپىپ ئىسسىتار ھالسىز بالىنى .
شۇ ئانا كۆكسىدىن تامغان سۈت ـ كەۋسەر...
دەيمەنكى، جەننەتمۇ ئانا كۆكسىدە .
شۇ غەمخار ئانىغا ـــ ئانىسەن ۋەتەن!
كۆرۈنۈپ تۇرىسەن ئانام ھۆسنىدە .
بېشىمغا سايىۋەن چاچلىرىڭ بوستان،
ئەزىزىسەن ۋەتىنىم، گۈزەلسەن ھامان!

ئانىنىڭ قەلبىدەك پاك زەرگە تولۇق،
تاغلارنىڭ تۈسىنى ئالغان ئىرادەڭ .
جاھاندا مۇزاتتەك سۈرلۈك داۋان يوق،
مۇز يېرىپ كۆكسىدە يەلپۈنەر لالەڭ .
ھەيۋەتلىك خانتەڭرى، كوئېنلۈن، بوغدا،
جاۋاھىر كاندۇر ـــ سەن ئۈچۈن دەرمان .
سېھىرلىك چوققىلار ئۈستىدە ئاق قار،
ئاستىدا كۆل، دەريا، گۈلزار، خىيابان...
ئاجايىپ ئىقلىمسەن، ھېكمەت نامايان،
ئەزىزىسەن ۋەتىنىم، گۈزەلسەن ھامان!
تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ يېتىلىۋەرمەس،
ئانىغا كۈتكەندەك لايىق ئوغۇل ـ قىز .
يەپ ـ ئىچكەن بىلەنلا ئادەم بولۇش تەس،

تۆكىدۇ ئانىنىڭ قەدرىنى ئارسىز .
قاچار ئاپتىپىڭدىن دالدىغا نامەرد .
تامغۇزغىن بۇرنۇمدىن ئوغۇز سۈتۈڭنى!
غېمىڭنى مەن يېمەي كۆزلىسەم راھەت .
بولمىغىن نامەرد دەپ بەردىڭ ھالال نان،
ئەزىزسەن ۋەتىنىم، گۈزەلسەن ھامان .

ئۇزاق ئۆتمۈشىڭدىن داستانۇ قىسسە
يازدى كۆپ شائىرلار شان ـ شۆھرىتىم دەپ،
كۈيلەپ غەيرىتىڭنى يازىمەن دىۋان،
غالىب ھۆر ۋەسلىڭنى تاج ـ دۆلىتىم دەپ .
بۇ چەكسىز دۇنيادا ھەممە نەرسە بار،
يوق سۆيگەن نىگارىم سىنىڭدىن بۆلەك .
ئىنسان ھەر قىسمەتتىن بەختىنى تاپار،
يوق بەختۇ مۇرادىم سىنىڭدىن بۆلەك .
تۆت پەسلىڭ مەن ئۈچۈن تۈگىمەس داستان،
ئەزىزسەن ۋەتىنىم، گۈزەلسەن ھامان!

سېخىي سەن، مىڭ ئالەم بەرىكىتى سەندە،
قوينۇڭ زەپ مېھرىلىك ئانا كۆكسىدەك .
بال بىلەن نەشتەرگە ئىگىدۇر ھەرەڭ،
پىلەڭ جان رىشتىدىن بېرىدۇ يىپەك .
كەم بولماس قىشىڭدا قوغۇن، ئانارىڭ،
يامالاردا گۈل ئاچار گويا باھارىڭ .
توشقان ياز مەھسۇلى، كۈزنىڭ نېمىتى ـــ
مىسلى باغ ئېرەمدۇر ئاۋات بازارىڭ .
داستىخان يىغىلماس، ئۈزۈلمەس مېھمان،
ئېزىزسەن ۋەتىنىم، گۈزەلسەن ھامان!

ھەر سەھەر نۇرلىنىپ جامال ئاچسەن،
قالدۇ كەينىمدە يەنە بىر ئۆتەڭ .
سۇبھى — شام جۇلالاپ قىزارغان ئۇپۇق،
ئەمەسمۇ ئاسماننى بىزىگەن سايەڭ؟
مەن مېڭىپ يەتمىدىم تېخى چېتىڭگە
ھەم ئۇچۇپ ئايلىنىپ بولمىدىم سېنى .
چۆلدىمۇ ئاچ قويماي كۈتتۈڭ ئاش بېرىپ،
چارچىسام قۇچاققا ئالدىڭسەن مېنى ...
مەن ئۈچۈن تېپىلماس سەندەك مېھرىبان
ئېزىزسەن ۋەتىنىم، گۈزەلسەن ھامان .

1983 ـ يىلى 4 ـ ئاي



# قەشقەر قەسىدىسى

ئەزىزسەن قەشقەرىم، پەخرىمسەن،
شەرىپىم ـ شەۋكىتىم، بەختىمسەن .
نامىڭنى تارىختىن ئوقۇدۇم،
شەنىڭگە مەن قوشاق توقۇدۇم .
خاقانىلىق بولغاندا ئوغۇزخان،
ئىكەنسەن كۆز يەتمەس گۈلىستان .
كىيگەندە ئالتۇن تاج ئەرتۇڭا،
چۈشكەنىكەن كەيكاۋۇس قايغۇغا .
تۇرانىلىق ئۆسۈپ كۈچ ـ قۇدرىتى،
ئاشقانىكەن دۇنيادا ھۆرمىتى .
زال، رۇستەم يېڭىلىپ ئۇ چاغدا،
قاپتىكەن ھەر ياندا ياۋ داغدا .
ئەلۋەك يۇرت ئىكەنسەن قەدىمىي،
قەھرىمان، مەرد خەلقىڭ سەمىمىي .
گۈللىنىپ ھۈنەر ھەم سەنئىتىڭ،
ئالەمنى رام قىلغان ھىممىتىڭ .
ھۆسنۈڭدىن تارقىلىپ گۈزەللىك،
ئۆگەندى سەندىن رۇم، يەمەنلىك .
كۆچەيدىڭ بۇغرالار خان بولۇپ،
مەرىپەت ئەھلىگە كان بولۇپ .
ياقتى بىر مەشئەلنى فارابى،
باشلاندى بىلىمنىڭ باھارى .
بولدۇڭ گۈل شەھرىسەن — خۇش پۇراق،
ئاچتىڭسەن بۇلبۇلغا كەڭ قۇچاق .

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كىتابى،
قەشقەرلىك مەھمۇدنىڭ دىۋانى .
ئاشۇرۇپ شەۋكەتلىك شانىڭنى،
يايدى يەر يۈزىگە نامىڭنى .
سەن ئەزىز بولغاچقا، چىڭگىزخان
توختىماس ئىتنى توختاتقان .
سەن ئىجاد قىلغان خەت ـ يېزىقنى،
ئۆگىنىپ بىلىمگە قىزىقتى .
ئۇ ئۇزاپ غەرب تامان ئالدى يول،
رۇسىيە، ھىندىنى قىلدى قول .
ئەجەبكى، ياۋۇزلۇق ئۇنى گۇم
قىلدى، زور بەستىنى باستى قۇم...
كۆتۈردى خارابە ئورنىدا،
سەئىدخان شەۋكىتى ئورنىدا .
شاھ سۇلتان بولۇپ مەرد رەشىدخان،
سۆيۈندى باغرىڭدا بارچە جان .
چولپاندەك پارلىدى ئامانىسا،
ئاڭا تەڭ ئايال يوق جاھاندا .
ئۇ گۈزەل، ئۇ قەيسەر، ھايالىق،
يۇرت ـ ۋەتەن خەلقىگە ۋاپالىق .
جانلىنىپ مۇقامنى ئاڭلىدىڭ،
جان قەشقەر مۇڭلىنىپ ياڭرىدىڭ .
ئۆتتى شاھ كەينىدىن ئۆتتى شاھ،
بولدۇڭسەن قان ئاققان بىر جەڭگاھ .
ھېيتگاھنى ياسىدى زۇلپىيە،
ساز چېلىپ كۈيلىدى مۇتربە .
ئالىملار، ئەزىزلەر جاي تۇتۇپ،
ياتتى تۆت يېنىڭدا باش قويۇپ .

ئىپارخان سېنى دەپ، خان دېمەي،
كۆمۈلدى كۆكسۈڭگە جان دېمەي .
ئاتالدى ياقۇپبەگ ـــ بەدۆلەت،
ھەممىگە كۆرسىتىپ كۈچ ـ ھەيۋەت .
سېنى دەپ نۇزۇگۇم ئېسىلدى،
ئۆلمىدى، ناخشىغا قېتىلدى .
ئۈستۈڭنى باستى شۇم جاھالەت،
كۆكسۈڭنى چىرمىدى ئاسارەت .
باستۇرۇپ كىرگەندە زو زوڭتاڭ،
ئاتمىدى ۋە يەنە كۈتكەن تاڭ .
جىن شۇرىن شىلىدى گۆش ـ يېغىڭنى،
شىڭ ئۇرۇپ سۇندۇردى بېلىڭنى .
زالىملار ئىلكىدە خارلىنىپ،
ئۆتتۈڭسەن قەشقەرىم زارلىنىپ...
تۇغۇلۇپ شۇ ھالدا كۆردۈممەن،
مىلىڭ قېتىم تىرىلىپ ئۆلدۈممەن .
سېلىنغاچ سىرتماقلار بوينۇڭغا،
توشۇپ دەرد، غەم ـ قايغۇ قوينۇڭغا .
ئاھ ئۇرۇپ مۇڭگۇڭغا كۆمۈلدۈم،
زار بولۇپ يېشىڭغا چۆمۈلدۈم .
چىقسامەن ھېيتگاھقا ھەر كۈنى،
ئاڭلايتتىم خەلقىڭدىن مەن شۇنى:
«بەگ، ھاكىم زالىمنى يۇتار يەر،
ئازادلىق قۇياشى نۇر تۆكەر...»
بۇ تىلەك، بۇ ئارمان، بۇ سادا،
روھىمنى كۆتۈردى بۇ ناۋا .
ئايرىلماي شائىرلار قەلەمدىن،
ياندۇردى چوڭ يانغىن ئەلەمدىن .

ئاھ، شېئىر يېزىشنى كېچىدە،
سەمەندەر كەبى ئوت ئىچىدە .
تىزىلغان مىسرالار ئەسكەردەك،
ھەر ئېيتقان غەزىلى لەشكەردەك .
جەك باشلاپ باغرىڭدا روھلىنىپ،
غەمگۇزار خەلقىڭنى ئويغىتىپ .
ئۆچمەس ئىز قالدۇردى ئەجرىدىن،
رىشتىنى ئۈزمەي يار ۋەسلىدىن .
قوزغالدىلىق نەچچە بار ھۆرلۈك دەپ،
زورلۇقنىڭ دەستىدىن كەلمەي ئەپ .
بويالدى قۇچىقلىق قان بىلەن،
دەسسىلىپ تۇزۇدى خۇش گۈلچىمەن .
ئاقىۋەت ئاتتى تاڭ، يورۇدۇق،
ئەل نېمە، ئەرك نېمە؟ تونۇدۇق .
سائادەت قۇياشى نۇر چاچتى،
ھېيتگاھدا ھۆر بەختىڭ گۈل ئاچتى .
گۈلەختىن قۇتۇلغان بىپاناھ،
يېتىملەر يايراشتى باغ ئارا .
جاھالەت يايغان تور بۆسۈلدى،
مەرىپەت دۇرلىرى تۆكۈلدى .
پارتىيە بار، بىزگە بەخت يار،
دەپ بىغەم بولغانتۇق، جان دىيار .
ۋادەرىخ، گۈللىگەن بېغىڭغا،
شۇمبۇيا ئۈندى يان - يېنىڭغا .
قۇرۇتتى بارچە گۈل - چېچەكنى،
سارغىيىپ ياپيېشىل يىلەكنى .
مەن كېلىپ شۇ چاغدا كۈچۈمگە،
قولۇمنى ئۈزارتتىم قەلەمگە .

مېنىمۇ بىر ئۇرۇپ غۇلاتتى،
كۆزۈمدىن ياش ئەمەس، قان ئاقتى .
ياۋۇزلار ئوت قويدى كۆكسۈڭگە،
نەچچە مىلىڭ جان كۆيدى ئۇستۇڭدە .
كۆيدى پاك ئەقىدەڭ، ئىدراكىڭ،
كۆيدى شان - شۆھرىتىڭ، ئىپتىكىڭ .
كۆيدى ئاھ، سۇمبۇلدەك چاچلىرىڭ،
تۆكۈلدى يامغۇردەك ياشلىرىڭ .
كۆيدى بۇ يۈرىكىم پىژىلداپ،
ئۆرتىنىپ كاۋاپتەك ۋىژىلداپ .
كۆيدى ئاھ، داستانىڭ، مۇقامىڭ،
كۆيدى ئاھ، دىۋانىڭ، باياۋىڭ .
تۇتۇلدى ئەدىبلەر، باغلاندى،
ئۇلارنىڭ ساپ قەلبى داغلاندى .
ئاقتى لاي، ئاقتى سۇ ئىش ئاقماي،
قۇرۇق سۆز قۇلاققا خۇش ياقماي .
رودۇپاي تاغارنى كۆتۈرۈپ،
جاپاكەش دېھقانلار پۈكۈلۈپ .
كۈنۈتۈن تەر تۆكسە ئاچ قورساق،
مادارسىز يىقىلدى ئات - ئۇلاغ .
قارىسام مۇنبەت يەر - ئېتىزغا،
ئايلانغان شور، تاتىراڭ ئېگىزغا .
قېنى ئۇ تاغ كەبى ئالتۇن چەش؟
دەر ئىدىم بۇ كۆڭلۈم بولۇپ غەش .
قايدىسەن تىنچلىق، قايدىسەن؟
دەر ئىدىم كۈندىمۇ، ئايدىسەن؟
بوغقۇچلاپ قويۇلغاچ قانىتىڭ،
ئۆتتى غەم - قايغۇدا ھاياتىڭ .

بۇلۇتنى قاق يېرىپ تۇغدى كۈن،
ياڭرىدى ئالەمگە ئۈشبۇ ئۈن:
«ئەي يولداش، ۋەتەنداش، زامانداش،
گۈم بولدى تۆت ياۋۇز زىياندا ش .
پاتمايدۇ ئازادلىق قۇياشى،
تونۇلماس بۇلۇتقا سىيماسى...»
ھېيتگاھدا ياڭرىدى ناغرا، داپ،
ئۆيلەردە چېلىندى نەي، راۋاب .
ئېلىندى پۈتۈمدىن ئېغىر يۈك،
بېشىمدىن نەس قالپاق بىلەن غەم .
يايرىدىم كوچاڭنى بويلىدىم ،
شادلىنىپ مەن ساما ئوينىدىم...
باغرىڭدا مەن قايتا تۇغۇلدۇم،
شائىرلار سېپىگە قوشۇلدۇم .
باقسام كۆز ئۈزەلمەي قالىمەن،
ئىشقىڭدا گۈلخاندەك يانىمەن!
مەنغۇ ئۆز ئوغلۇڭمەن، بۇ ئايان،
كەلسە گەر چەت ئەلدىن بىر مېھمان .
كۆزىنى ئۈزەلمەس بازاردىن
قوغۇندىن، ئەنجۈردىن، ئانا ردىن...
جەننەتنى تەسەۋۋۇر قىلسا كىم،
جەننەتنىڭ ئۆزى سەن قەشقەرىم .
تېگىشكۈم كەلمەيدۇ لوندونغا —
سېنى جان قەشقەرىم، ئالتۇنغا .
سەن ئازاد، سەن ئەركىن، سەن ئاۋات،
چىقاردىڭ سۇمۇرغدەك قوش قانات .
قايتىشنى كىم ئىستەر ئۆتمۈشكە،
ئوخشاپ بىر پاناھسىز دەلدۈشكە؟

بەرمەس جان كەتسەمۇ قولىدىن،
بۇ كۈننى تايىماي خەلق يولىدىن،
ئەزىزلەپ، قەدىرلەپ نامىڭنى،
كۆتۈرەر شەرىپلىك ـ شانىڭنى.
كۈنسېرى قۇدرەتكە تولسەن،
سەنمۇ ئاي ـ يۇلتۇزغا قونسەن.
ئىشەنچىم سەن ئۆزۈڭ، چەت ئەل ئەمەس،
باغرىڭدا ئالىمەن خۇش نەپەس.
كېسىلگەن ۋاقتىدا كىندىكىم،
قوشۇلغان توپاڭغا پاك قېنىم.
بۆلەندىم مەن ساڭا بۆشۈكىم،
ئانارغا ئايلاندى يۈرىكىم.
خالايمەن ھەر قىشلاق ـ يېزاڭدا،
تۆغۇلسام يېڭىشلاپ باراڭدا.
سالساڭ ئۆز ئىشىڭغا سەن مېنى،
كۈيلىسەم مەدھىيەلەپ مەن سېنى.
يازسامەن ئۈپۈقنىڭ يۈزىگە،
تاغدىكى ئاھۇنىڭ كۆزىگە.
يازسامەن گۈل بەرگى ياپراقىغا،
قۇچىقىڭ تولسا لىق قوشاققا.
مەن مۇراد تاپسامۇ، جانىجان
مېھرىڭگە قانمايمەن ئانىجان!
چوڭ قىلدىڭ سەن ئاسراپ تەربىيەلەپ،
مەن نېچۈن يەتكۈزمەي ئەلگە نەپ؟
سەن بۈگۈن مەنزىلگە سالدىڭ ئات،
تاپسەن ۋىسالدىن سەن مۇراد.
جان قەشقەر، جان قەشقەر، جان قەشقەر!
ئەزىزدۇر سەن بەرپا بولغان يەر.

ساڭا خاس ۋۇجۇدۇم ھەر زامان!
بار مېنىڭ قەلبىمدە بىر ئارمان:
مەن نورۇز بۇلاقىنىڭ يېنىغا،
كۆمۈلەي بوۋامنىڭ قېشىغا .

1980 — 1984 - يىللار

# ئاھۇ كۆز قەسىدىسى

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
تىكىلسە كۆككە ئۇ يۇلتۇز كۆرىمەن .
تاشلانسا قىيغىتىپ كىرپىكلىك يەرگە،
تىنىق سۇ ئۈستىدە قۇندۇز كۆرىمەن .
كۆرىمەن بىر گۈزەل ئالەم كۆزۈڭدە،
شۇ ئالەم — يۇرت - ئېلىم ئوخشار ئۆزۈڭگە .

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
باقسا ئۇ دەرياغا شۇڭغۇپ ئۈزىمەن .
چاچلىرىڭ يەلپۈنگەن يېشىل گىرۋەككە،
سەھەر - كەچ مەن غۇلاچ تاشلاپ ئۆتىمەن ،
ھېچنېمە ياراشماس ھۆسنۈڭگە بۇنچە،
كۆزۈڭدىن نۇر ئەمگەن لەۋلىرىڭ غۇنچە .

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
مۆڭلانسا سورايمەن: «نېچۇن يار ھالىڭ؟»
بېشىڭغا پاسىبان ساداقىتىم بار،
بۇزۇلماس بىر ئۆمۈر سېنىڭ ئارامىڭ .
ھوقۇقلۇق سۇلتانكى زاتىمغا بۇ باش،
مېھرلىك كۆزۈڭگە ئاتالماس ياۋ تاش .

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
شادلىقتىن نۇرلانسا سۆيۈنەر كۆڭلۈم .
ناۋادا ئۈن بېرىپ نازۇك تىلىڭگە،

غەزەپلىك تۈس ئالسا ئۆكۈنەر كۆڭلۈم .
مەندىن رەنجىشكىنى دىلىم خالىماس،
قالار بۇ ئەقىدەم بالامغا مىراس .

ئىنائەت قىلمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
بېقىشى ئۇلغايتار جاسارىتىمنى .
قىلدۇرۇپ پىكرىمنى ئالەمدە پەرۋاز،
ئاشكارا ئەيلەر ئۇ ماھارىتىمنى .
گۈزەللىك، مەردلىكنى قىلىپ ئۇ ئايان،
كۈندە ئارزۇيۇمغا قوشىدۇ ئارمان .

ئىنائەت قىلمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
گۈلگە نۇر چۈشكەندەك كۈلكە ئويىنىغان .
يەر تارتىپ تەنلىرىم يېتىپ ھارغىنلىق،
مۈگدىگەن چېغىمدا غەيرەت قوزغىغان .
قارا كۆز — بۇلاق كۆز، ئوت كۆز، خۇمار كۆز،
جان قوشۇپ تاشلايسەن ماڭا جۇلا، كۆز .

ئىنائەت قىلمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
ئۇ قاراڭغۇلۇقتا چاقنىغان چولپان .
چۈشكەندە نەزىرىڭ — نەزىرىم ئۈززە،
كۆڭلۈم تاڭ سەھەردەك ئۈمىدكە تولغان...
نە نومۇس - ئىزاغا قالماي ھەر زامان،
باققان شۇ كۆزۈڭگە تەسەددۇق بۇ جان .

ئىنائەت قىلمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە،
ئۇ ھايات بېغىمنى ئىللىتقان قۇياش .
شۇ سۆيەت پەزىلەت، خۇلقىڭ ئالدىدا،
قايىل بۇ ۋۇجۇدۇم ئىشقىڭدا ئوتقاش .

شۇ كۆزۈك تۈيۈلۈپ ئابھاياتتەك،
بىلىنەر ئۆلۈممۇ مەن ئۈچۈن ياتتەك .

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە،
سەيسالسا باغلارغا گۈلدىن بۇي كېلەر .
قارلىق تاغ، خيابان، چۆللەرنى بويلاپ
تاشلانسا كۆك شاختا ــ بۇلبۇل ئۈن بېرەر .
بېقىشى تۇمەن خىل گۈل كەبى رەڭدار،
شۇ كۆزۈك قەلبىمنى قىلىدۇ خۇشتار .

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە،
كۆرسىتىپ تۇرغان ئۇ ماڭا ياخشى يول .
گاھى بىر قىسىلىپ قويسا شەرەتلەپ،
شۇ ھامان ئۈزىمەن يامانلىقتىن قول .
غەپلەتتىن ئويغىتىپ مېنى جىلۋىسى،
توسار ئەيش ـ ئىشرەتتىن كۈندۈز ـ كېچىسى...

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە،
ئۇ گويا چۆللۈككە ئاققان قوش بۇلاق .
ئالدىدا تۇرغانىمەن ــ تەشنا يولۇچى،
تاپقان چىن مېھرىدىن سۇ ئىچىپ روناق .
جاپالىق كۈنلەردە بېغىشلاپ لەززەت،
ئۇ تەشنا دىلىمغا قۇيۇلغان شەربەت .

ئىتائەت قىلىمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە،
قايغۇمنى كەتكۈزۈپ كۆڭلۈمنى ئالغان .
ئاھ! قىيا بېقىشىڭ،
ئويچان نەزىرىڭ...
سوۋغىسى ئەمەسمۇ يېزىلغان داستان؟

شائىرلىق ھەۋەسىم كەلگەن كۆزۈڭدىن،
رازىمەن زوق ئىلھام بەرگەن كۆزۈڭدىن .

ئىنائەت قىلمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە،
ۋىجدانىڭ قىلىچى سۇغۇرۇلۇپ تۇرغان .
ئۆزىڭگە ھايادىن كۆرسىتىپ تىكەن
ۋەسلىمگە ۋاپادىن گۈل سۇنۇپ باققان!
شۇ ئاھۇ كۆزۈڭگە قىلسام خىيانەت،
ياغسۇن باش ئۇستۇمگە تۈگىمەس ئاپەت .

ئىنائەت قىلمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە،
قەلبىڭنى بىلدۈرگەن قاراشلىرىڭدىن .
مەن ھۇزۇر ئالىمەن نامەرد كۆكسىگە —
قەھرىڭنى شەمشەردەك قاداشلىرىڭدىن .
مەن ئۈچۈن ئەتىۋا روھى ئوزۇق ئۇ،
ئاي - كۈندەك نۇرانە دائىم يورۇق ئۇ .

ئىنائەت قىلمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە!
ئوقچۇغان پەرزەنتىڭ غېمى - ھەسرىتى .
دەيمەن قىز، ئوغلۇمغا مەڭگۈ تۈت ئەستە،
تۈگىمەس بەختىڭدۇر ئانا شەپقىتى!
ئانىلىق شەرىپىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭگە،
ئىنائەت قىلمەن ئاھۇ كۆزۈڭگە .

1984 - يىلى 1 - ئاي

# پەرۋاز قەسىدىسى

## 1

گۆدەك چېغىم تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ،
ئۆيدىن دۆڭگە، دۆڭدىن ئۆيگە چاپاتتىم .
تەڭتۇشلىرىم بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ،
گويا ياۋنى يېڭىپ قەلئە ئالاتتىم .
ئەجەبلەنمەڭ قىلاتتىمەن خوپ ھەۋەس،
ئۇ چاغ ئېشەك مىنىپ ئىلدام يۈرۈشكە .
بالا ۋاقتىم ئىنتىلەتتىم ھەر نەپەس،
ئات چاپتۇرۇپ كۆۋرۈكلەردىن ئۆتۈشكە،
ئىستەر ئىدىم مەن ھارۋىدا ئولتۇرۇپ .
يىراقلارغا ئەركىن سەپەر قىلىشنى،
چوڭ خۇشاللىق دەپ بىلەتتىم زوقلىنىپ،
گۈركىرىگەن ماشىنىغا چىقىشنى .
چىقىپ ئۇچقان تۆمۈر قانات ئۇچقۇغا،
ئادەملەرنى بەختىيار، دەپ ئويلايتتىم ...
مەن بىرىلىپ شۇنداق ھەۋەس ـ تۇيغۇغا،
ئاق لەگلەكنى ئۇچۇرۇپ شاد ئوينايتتىم .
كۆك گۈمبەزدەك تۇرغان يەرگە كۆمتۈرۈلۈپ،
جەلپ قىلاتتى چەكسىز ئاسمان ئۆزىگە .
ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا تەلپۈنۈپ
لەگلەك بولۇپ قالسام، دەيتتىم ئۆزۈمچە .
ئۆتكەندى باللىقىم ــ گۈل چېغىم،
شۇنداق تاتلىق خىيال بىلەن بىتىنىم .

2

ئېشەك مىنىپ كۆردۈم كۆپكۆك دالانى،
يەردىن بىر ئاز كۆتۈرۈلدى قەدىمىم .
لېكىن ئاتقا يېتىشەلمەي، بايىقى
شېرىن ئويدا كۆچەيدى بەك ھەۋىسىم .
ئاتقا مىندىم تىزگىن سىيرىپ چاپتى تېز،
ئۆزارتساممۇ پۇتۇم يەرگە تەگمىدى،
يىقىلسام داق يەرگە يەنە قوپتۇم تېز .
تۇسۇن ئاتقا ۋۇجۇدۇم باش ئەگمىدى!
مەن هارۋىدا باغقا چىقتىم شەھەردىن .
قوشقان ئېشەك، كالا، تۆگە ۋە يا ئات،
ئۇمىدلىنىپ ئاززۇلىغان سەپەردىن .
غىچىر ـ غىچىر چاق ئايلانسا بولدۇم شاد،
بىلمەي ئىزدەپ ماشىنىغا چۈشتۈممەن،
ئۆتتۇم بويلاپ ھەيۋەت تەگرىنىڭنى .
قىز باغرىدەك ئوتلۇق، خۇشبۇي ئۈز ئىكەن،
ۋەتىنىمنىڭ كۆز ئىلغىماس زېمىنى .
ئەڭ يۇكسەكتىن ئاي ـ يۇلتۇزلار كۆكسىدىن،
قاراپ باققۇم كېلەر ئىدى ۋەتەنگە .
قاراپ باققۇم كېلەر ئىدى يەلپۈنگەن
بېشىل يايلاق، باغۇبوستان، چىمەنگە .
مۇز چوققىلار ئۈستىدە قار لەيلىسى،
ئالدى گۈلگە ئاشىق كۆڭلۈم مەيلىنى .

3

ياشلىقىمدا ماشىنىغا سېلىندىم،
قەلەم تۇتقان بۇ قوللىرىم جۇپلىنىپ .

قۇملۇق چۆلدە بوقۇسغا قېتىلدىم،
بىلىمگە زار يۈرەكلىرىم داغلىنىپ...
ماشىنىدىن، هارۋىدىن، ئات ـ ئېشەكتىن،
باشقا جايغا ئەمەس، يەرگە چۈشتۈمەن .
باشقا جايدا ئەمەس، ياخشى تىلەكتىن،
ياشاپ ۋەتەن چۆلدە تەر تۆكتۈمەن .
قىزىق قۇمنى دەسسەپ ئۆتتى يالاڭياق،
ئۆتتى ئۆمرۈم نەۋ باهارى ياشلىقىم .
ساما بولدى قىزىل يۇلغۇن كۆك توغراق،
ئېيتسام ناخشا تۆكۈلۈپ كۆز ياشلىرىم .
جاپا تارتسا نامەرد پۇشمان يەيدىكەن،
خۇشالمەنكى كەتمەن چېپىپ چېنىقتىم .
قورقۇنچاقلار ئىشنى قىيىن دەيدىكەن...
ئادەملىك هەر قىسمىتىگە قىزىقتىم .
نەپرەتلىنىپ گىدەيگەندىن ـــ كاج، بىغەم،
ئاشتى ئاقىل، مۇلايىمغا هۆرمىتىم .
مەن قەدىرلەپ ئەقىدەمنى، سۆيگۈمنى،
ۋاپاداردىن ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم .
دوست تۇتۇپ مەرد ساداقەتلىك ياخشىنى،
هەمراھ بولدۇم كىتابقا هەر ئاخشىمى .

4

لەگلەك ئەمەس كۆتۈرۈلگەن ئاسمانغا،
قۇشمۇ ئەمەس ئۇچۇۋاتقان پەلەكتە .
مانا بۈگۈن مەن ئولتۇرۇپ ئۇچقۇدا،
پەرۋاز قىلىپ بارماقتىمەن يۈكسەكتە .
قالدى پەستە ئېشەك هارۋا، ئات بىلەن،
بارغانسېرى ئۆرلىدىمەن شۇڭقاردەك .

قالدى شەھەر كۆرۈنمەي باغ، گۈلچەمەن،
گويا تۇمان ـ تۇتەك باسقان ناھاردەك .
قارىسا كۆز يەتمەيدىغان ھەيۋەتلىك،
چوققىلارمۇ غايىب بولدى تۆۋەندە .
كۆلۈپ باقتى شاراپەتلىك، سۈلكەتلىك،
ئاسمان شاھى مېنى ئامان كۆرگەندە .
قايسى تامان باقسام ئوخشاش كۆرۈنەر،
تارتىلغاندەك ئاقۇچ شايى پەردىلەر .
ئۇچقۇ گاھى پەسلەپ ـ ئۆرلەپ تەۋرىنەر،
ۋۇجۇدۇمۇ ئۇيان ـ بۇيان سىلكىنەر .
ئالەم ماڭا سىرلىق ئەمەس، ھېكمەتلىك،
سۇرلۇك ئەمەس، چەكسىز گۈزەل كۆرۈندى .
يەر يۈزىگە زىنىنەت بەرگەن تەرىدىن،
زاتىم ئادەم بولغىنىغا سۆيۈندى .
گويا ئاچتى پەرى ساما ئىشىكنى،
سۇندى قۇيۇپ ئالتۇن جامغا مېھرىنى .

5

كۆكتە پەرۋاز ئەيلەش-قۇشقا خاس دېگەن،
بۇ ئۇقۇمغا بەردى ئېرپان خاتىمە .
يېڭى دۇنيا قەد كۆتۈردى يەن بىلەن،
پەردىن كۆككە كېڭەيدى تار دائىرىدە .
تۇنۇگۈنكى ھالسىز بەندە — مەن چېغىم،
ئۇچماقتىمەن بىلىم ئىزدەپ نۇرلىنىپ .
ئىجتىھاتتا قىلدى پەرۋاز ياشلىقىم،
كىتاب ئوقۇپ قەلىمىمنى چىڭ تۇتۇپ .
ئاپپاق، قارا بۇلۇت قالدى ئاستىدا،
ئاقۇچ تۇمان دېڭىزىغا غەرق بولۇپ .

سەييارىلەر قۇچاق ئاچقان ھەرياندا،
كەلدى ئىلھام كۆك قەھرىدە جۇش ئۇرۇپ .
يازدىم شېئىر ئاسمان قىزى مەڭزىگە،
سەندىن گۈزەل مەشۇقۇم بار يەردە، دەپ .
مېنى تۇتۇپ قالالمايسەن تۆپەڭدە،
مەن جان پىدا قىلغان ئانا يەرگە، دەپ .
يازدىم شېئىر چەكسىز ساما يولىغا،
ئوقۇپ ئالىم، ئىجادكارغا مەدھىيە .
ئەرك ئۈچۈن جان بەرگەن ۋەتەن يولىدا،
ئوقۇپ غالىب قەھرىمانغا مەدھىيە .
ئوت لېۋىگە يازدىم چولپان، زۇھەلنىڭ،
يۈزلىرىگە يازدىم شامۇ سەھەرنىڭ .

6

مەن سېغىندىم كۆكتە پەرۋاز قىلغاندا،
ئانا ۋەتەن قۇچىقىنى — گۈزەل باي .
ئۆرلەپ ئېگىز بىر ھادىسە بولغاندا،
چۈشۈشۈمنى شۇ تۇپراققا ئۇنتۇماي .
مەن ئۇنتۇسام تۇز بەرگەن شۇ زېمىننى،
ئەل ئالدىدا بولمامدىمەن قارا يۈز؟
كېچە ـ كۈندۈز يېگەن مېنىڭ غېمىمنى
كېلەلەمتىم يارۇ دوستقا يەنە يۈز؟
ناخشام ياڭرار ئاسمان ـ پەلەك ئۈستىدە:
ئايغا ئانار كۆچىتىنى تىكىمەن.
قادىلىمەن مىختەك جاپا كۆزىگە،
ئەل خىزمىتى ئۈچۈن جاننى تىكىمەن .
ناخشام ياڭرار سېلىپ كۆكنى لەرزىگە:
كۈچ بىلىمدىن، راھەت كېلەر ئەجىردىن .

دەرمان بولغان كىشى ئەلنىڭ دەردىگە،
ئورۇن ئالار دىلدىن ــ ئالتۇن قەسىردىن .
ناخشام ياڭرار: قىرى دەللە جاھالەت،
ياپالمايدۇ مەڭگۈ زۇلمەت تورىنى .
خەلقىمگە يار چىدام، غەيرەت، جاسارەت ،
توسالماس ياۋ كۆككە ئۆرلەش يولىنى .
ئۇچماقتىمەن لەرزان ناخشام ياڭرايدۇ،
تەۋرىنىپ يەر، گۈلدۈرلەپ كۆك ئاڭلايدۇ .

7

ئۇچار سۇمۇرغ، بۈركۈت، لاچىن ئاسماندا،
ئۇچار ھۆپۈپ، يىڭناغۇچ ھەم قاغا، زاغ .
مەن كىم زادى؟ يەرگە قەدەم باسقاندا،
خەلقىم بەرگەن نام ماڭا باب ئاشۇ چاغ .
ئەمەس ئادەم قۇش بىلەن بىر تۈيغۇدا،
كەپتەر، كەكلىك دان، يەمنى دەپ ئۇچىدۇ .
ئىنسان بىكار ئۇچماس چىقىپ ئۇچقۇغا،
سۆيگۈ، بىلىم، دىدار ئىزدەپ ئۇچىدۇ .
خۇشالمەنكى، پەرۋاز قىلىپ بۇ نۆۋەت،
كۆردۈم ئەلنىڭ دىدارىنى يۈكسەكتىن .
ئارسلاندەك كۆرۈندى زور ھەر قامەت،
كامان كەبى كىرىلگەن پاك كۆكرەكتىن .
شۇ كاماندىن ئېتىلغان ئوق تېگىدۇ،
ھەسەت، لاپنى بۆسۈپ ئۆتۈپ قارىغا .
ئاشكارىلاپ ئۆزىنى جان بېرىدۇ،
يىلىك يېگەن پىتنە تېرىپ ئارىغا...
كۆكتە پەرۋاز قىلغىنىدا شۇ ھېسلار،
كەتمىدى بۇ ئويغا چۆمگەن بېشىمدىن .

پەستە تۇمان دېڭىزىغا چۆككەن يەر،
ئۇت مېھرىمنى تارتسپ ۋۇجۇد دىلىمدىن.
ئەي ئانا يەر، ئانا ماكان قەسەميادا!
يەرۇكۆكتە خاسمەن ساڭا ئۆمۈرۋات.

1984 ـ يىلى 11 ـ ئاي



# دېڭىز قەسىدىسى

## 1

ئاقۇچ تۇمان ئۆرلىگەندە سۇبھىدەم،
ۋىل - ۋىل قىلىپ يالتىرايدۇ ئۇلۇغ سۇ .
گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھى پەسلەپ تەۋرىنىپ،
ياراخوت گويا ئاق قۇ كەبى ئۈزىدۇ .
ئۈپۈق قىزى يۈز ئاچقاندا قىزىرىپ،
مىڭ خىل جىلۋە ئەيلەر سۇدا شولىسى .
غۇر - غۇر شامال قىيغىتقاندا ساز چېلىپ،
يەلپۈنىدۇ ھال رەڭ يىپەك رومىلى .
ئاھ! كۆك دېڭىز باغرىڭ ئىكەن بىپايان،
سۇ يۇقتۇرماي ئۈزمەكتىمەن خىيالچان .

## 2

باش كۆتۈردى بۆسۈپ قۇياش زۇلمەتنى
قۇچىقىدىن — سۇ پەرىسى قوينىدىن .
ئىنسانلارمۇ باش كۆتۈردى كۈچلىنىپ،
«ھۆرلۈك! تىنچلىق!...» دېگەن ئۈنلۈك تۇيغۇدىن .
چايقاپ كەتكەن چوڭ قۇرۇقلۇق ئالدىدا،
سۇيۇم تۈگەپ كېتەرمۇ، دەپ غەم يېمەي؛
داۋالغۇيسەن تىنىم تاپماي ئۆركەشلەپ،
يەرۇئاسمان ئۈچۈن بولۇپ شېرىن مەي .

ئاھ! كۆك دېڭىز كاتتا ئالەم ئىكەنسەن،
مەن كىچىكمەن، بىراق ئادەم دېگەن مەن!

3

يولغا چىقتى يورۇقلۇقنىڭ ئۇ شاھى،
ئۈزەر پارلاپ قوينۇڭدا ھەم كۆكتە ھەم .
تەسۋىرلەشكە بولماس ئاددىي تىل بىلەن،
ئالدىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق تۇس مۇشۇ دەم .
ياشقا توشقان كۆزلىرىدەك ئانامنىڭ،
سەن لىغىلداپ كۆككە بېقىپ تۇرىسەن .
كۆكسۈڭدەك كەڭ ئانام باغرى توشۇقتۇر،
قىز ـ ئوغلىنىڭ قايغۇسىدا غەم بىلەن .
ئاھ! كۆك دېڭىز قەلبىمىگە بول سىياھ،
شۇ ئانامنى كۈيلەي قىلىپ مەن رىزا .

4

قاراپ تۇرسام توسۇن ئاتتەك ئۆرىدەپ،
مارجان چاچىڭ فونتان بولۇپ ئېتىلىپ .
كۆرۈندى ۋاھ بۇژغۇنلىرىڭ كۆزۈمگە،
تۇرغاندەك ئاق ئەترگۈللەر ئېچىلىپ .
ياخشى كۆرۈپ قالدىم ئوقچۇپ چايقىلىپ،
دولقۇنلىنىپ تۇرغان ھەيۋەت چېغىڭنى .
ياخشى كۆرۈپ قالدىم گۈزەل ھەم جىمجىت،
قۇچىقىڭنى ـــ مەڭگۈ كۆپكۆك بېغىڭنى .
ئاھ! كۆك دېڭىز ھۆر ماكانىسەن شاھىڭ يوق،
تىڭشىسام باش قاتىدىغان زارىڭ يوق .

5

يانسا دولقۇن چۇشكەن كەبى تاغ غۇلاپ،
يىيىلسەن ياساپ سانسىز چەمبىرەك .
(نەپ يەتكۈزسەم يايراپ شۇنداق كېڭىيەر،
زاتىمدىكى كىچىككىنە بۇ يۈرەك...)
دەس كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتسەم جاھاننى،
چىقسا كاشكى دولقۇنىڭدا يۇيۇنۇپ .
غەرق بولۇپ زورلۇق، پەسلىك، رەزىللىك،
ھايات كەتسە ئىدى چاقناپ نۇرلىنىپ .
ئاھ! كۆك دېڭىز غەيرىتىمنى ئاشۇردۇڭ،
قوغلاپ غەپلەت ئۇيقۇسىنى قاچۇردۇڭ .

6

داۋالغۇدۇڭ بوران سوقۇپ ئۈستۈڭدە،
بۆشۈك ئوخشاش پاراخوت تەۋرەپ قىيسايدى .
ھەيۋەتلىك زور دولقۇن سالدى ۋەھىمە،
كۈن يۈزىگە بۇلۇت قارا تور يايدى .
غەرق قىلساڭمۇ قىلار ئىدىڭ ۋە لېكىن،
تىنچلاندىڭ، ئارام تاپتى يولۇچى .
ۋەھىمەڭدىن ئارتۇق ئىكەن چۈشەندىم،
ئىنسان ئۈچۈن گۈزەل ۋەسلىڭ ھۇزۇرى!
ئاھ! كۆك دېڭىز گۈزەللىككە ئىنتىلىپ،
ئۆلسەم ھامان ئارمىنىم يوق ئىزدىنىپ .

7

قارايغاندا كېچەڭ يارىم چېچىدەك،
ئايمۇ سەندىن بالقىپ چىقتى ئۈستۈڭگە .

گويا زىننەت بولغان كەبى باغقا گۈل،
جىمجىتلىقمۇ زىننەت ئىكەن ھۆسنۈڭگە .
شاۋقۇنۇڭنى ياخشى كۆرەر ئىنسانلار،
بولۇپ بىزار ملتىق ۋە توپ ئوقىدىن .
ئۆركىشىگەن تىڭشاپ شۇدەم مۇزىكا،
زوق ئالغانلار رازى تېپتىنچ كۈنىدىن .
ئاھ! كۆك دېڭىز جىمجىتلىقتىن كۈچ تاپتىم،
ھاياتىمغا يېڭى بەت ئاچتىم .

8

يەر ئايلانسا تۇرار سۈيۈك تۆكۈلمەي،
كېچە ئورۇن بەردى يەنە كۈندۈزگە .
قەھرىم تۇتۇپ نەپرەتلەندىم زالىمدىن،
نەزەر سېلىپ مەن ئاق پاراخوت ئۈستىدە .
ھەيھات! بىر چوڭ بېلىق كېلىپ ئېتىلىپ،
يۇتۇپ كىچىك بىر بېلىقنى شۇڭغۇدى .
چوڭ بېلىقمۇ چۈشەر تورغا دېدىممەن،
كۆڭلۈمدە جۇش ئۇرۇپ ھايات تۇيغۇسى .
ئاھ! كۆك دېڭىز ئاچتىڭ گۈلدەك زېھنىمنى،
سەن كۈچەيتىپ ھۆر ھاياتقا مېھرىمنى .

9

پالاق ئۇرۇپ كىچىككىنە قېيىقتا،
قورقماي كېتىپ بارغان قانداق ئەزىمەت؟
ھەۋەس قىلىپ قاراپ قالدىم ئۇنىڭغا،
ئىنسان ئۈچۈن قەيسەرلىك چىن پەزىلەت .
ئاق روماللدەك يەلپۈنەتتى يەلكىنى،

كېتىپ بارار دولقۇنلارغا مىنگىشىپ .
مەنزىلىگە يەتمىگۈچە توختىماس،
پىسەنت قىلماي ئۇيقۇنلارنى ئۇ يېرىپ .
ئاھ! كۆك دېڭىز سەن سېھىرلىك، ھېكمەتلىك،
باتۇرلارنىڭ ماكانىسەن خىسلەتلىك .

10

خۇشلۇق، ئارام بولماس يىغا ـ قايغۇسىز،
جىمجىتلىقمۇ بولماس بوران ـ چاپقۇنسىز .
بولسۇن قانداق پەرق ئەتكىلى جەڭگاھتا،
باتۇرلارنى، قورققاق، ئاسىي، قاچقۇنسىز .
يەردە قايقان، سۇدا قارماق بولسا ھەم،
گۈل ۋە بۇژغۇن مەڭگۇ زىننەت ھاياتقا .
بۇ ئۇمىدىم بولدى ماڭا تەسەللى،
دولقۇنلىساڭ تامچاڭ چاچراپ شۇ تاپتا .
ئاھ! كۆك دېڭىز كۆڭۈللۈك سەيلە ـ ساياھەت،
بېغىشلىدى ماڭا ئىلھام، جاسارەت .

11

تۇغۇلغاندا ئىسسىق ماكان، تۇز بەرگەن،
ئۆلگىنىمدە ئالدىغان باغرىغا؛
ئانا يۇرتتىن كۆڭۈل رىشتىم ئۈزۈلمەس،
چۈنكى زاتىم بېلىق ئەمەس زادىلا .
پىكىر، ۋىجدان ئىگىسىمەن، ئويلايمەن،
ئېشەك مىنگەن يۇرتلۇقۇمنى، يۇرتۇمنى .
كۆكتە پەرۋاز قىلغان ھالدا كۆرىمەن،
قاناتلىنىپ ئۇچقان قىزىم، ئوغلۇمنى .

ئاھ! كۆك دېڭىز مەندە قالماس ھېچ ئارمان،
ياشالىسام بولۇپ ساپ دىل، چىن ئىنسان .

12

كۈن باش قويغان قۇچىقىڭدا نۇرلىنىپ،
ھۇزۇرلىنىپ ئاي يۈز يۇغان كۆكسۈڭدە .
كۆزۈم ئۈزمەي قاراپ كېتىپ بارىمەن،
شولام چۈشكەن دولقۇنۇڭغا، سۈيۈڭگە .
كاشكى تۇتاش بولسا يۇرتۇم سەن بىلەن،
تەكلىماكان بولار ئىكەن گۈلستان...
ھاياتىمدا ئەڭ كۆڭۈللۈك بۇ سەپەر،
ئارزۇيۇمغا قوشتى تىلەك، جانغا جان .
ئاھ! كۆك دېڭىز تۈگىمىدى سەپىرىم،
بىلىم ئىزدەپ توختىمايدۇ قەدىمىم .

1985 ـ يىلى 6 ـ ئاي



# غۇر ـ غۇر شامال قەسىدىسى

— غۇر ـ غۇر شامالدەك قانات ياپغان بۈيۈك ئىسلاھاتقا بېغىشلايمەن

1

شامالللار ـ شامالللار، غۇر ـ غۇر شامالللار!
ھاۋانى يېڭىلاپ تاپمايسەن تىنىم .
سەن بىر كۈن يا بىر ئاي توختاپلا قالساڭ،
بۇلغىنار جان ـ جاھان ... ئاشىدۇ غېمىم .
سەن غەيرەت بېغىشلاپ تىرىك ئادەمگە،
قۇش قونماس چۆللەرنى قىلسەن چىمەن .
ئۆلگەنلەر قەبرىنى سۈپۈرۈپ ھەمدە،
تۈزلەيسەن قىلىپ تەڭ يەنە يەر بىلەن .
بوۋاقلار مەڭزىنى سىلىغان ئاستا،
شامالللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

2

ئەركىن سەن، ئەركە سەن، مەيلىڭ ئۆزۈڭدە،
كېزىسەن ئالەمنى، ئاينى، قۇياشنى .
مەزمۇن بار ئۆتكۈزگەن ھەربىر كۈنۈڭدە،
ئانىلار مەڭزىدىن ئېرتىسەن ياشنى .
سىلايسەن يۈزنىمۇ، گۈل ـ گىياھنىمۇ،
سەن مېھمان بولمىغان كەپىمۇ قالماس .

سەن ھۇزۇر بېرىسەن تەن، كۆڭۈلگىمۇ،
كۇندۇز ـ تۈن پەرۋازدا قانىتىڭ تالماس .
ئوچۇق ئىشىك ـ دېرىزەم ئۆيگە مەرھابا،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

3

يىڭنە تۆشۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىسەن،
ھەيۋەتلىك تاغلارغا ئاچىسەن قۇچاق .
بىر جايدا مايسىنى يەلپۈندۈرىسەن،
بىر جايدا زەربەڭدىن چېقىلار چاقماق .
بىر جايدا قار ياغار، بىر جايدا يامغۇر،
نادانىي ھەيرەتتە قويىسەن ھامان .
بىلگەنلەر تاڭ قالماي ئالىدۇ ھۇزۇر،
خىلمۇخىل جىلۋەڭدىن جانلىنار جاھان .
باشلىغىن سەن مېنى ھېكمەت باغىغا،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

4

قىشتا مۇز قامچاڭنى شىلتىپ ھەر تامان،
تومۇزدا سوقمىساڭ ئىلىنماس خامان .
قىيغىتساڭ يەلپۈنگەن ياغلىق ـ رومالار،
بەخش ئېتەر ماڭا ھېس سۆيگۈ ـ ھاياجان .
سەن قوزغاپ توزۇتقان يۇرتۇم توزىنى،
سۆيۈشۈپ نۇر بىلەن قونار يۈزۈمگە .
سەن باغدىن كەلتۈرگەن گۈلنىڭ پۇرىقى،
كۆرستەر گۈل يۈزلۈك يارنى كۆزۈمگە .
ئاھ، شۇ يار ئىشقىغا قىلغان مۇپتىلا،
شامالار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

5

تاك يورۇپ ھەۋزىدا يۇيۇنۇپ چىققان،
ھۆر ئەمەس، ئۇ رەنا مېنىڭ جان يارىم .
بىلىقتەك تەنلىرى شۇنچىلىك يۇمران،
گۈل ئاچقان چېھرىدە سۆيگۈ باھارىم .
يوشۇرغان كۆكسىنى ماراقچى ئايدىن،
قارا چاچلىرىنى يەلپۈندۈرسەن .
ھۆسنىدە گۈلدىنمۇ زىبا نازىنىن،
بۇ ۋۇجۇد قۇشۇمنى تەلپۈندۈرسەن .
ئۇچۇرۇپ پەردىنى قايرىغان قىيا،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

6

ئاھ سوقۇپ تۇرمىساڭ سىقىلار ئىچىم،
بۇرۇقتۇرما تىنچىقتۇر سەنسىز بۇ دۇنيا .
قارىسام ئېچىلار زېھنىم، جان ـ دىلىم،
دالادا مەۋج ئۇرغان يېشىل دولقۇنغا .
ھالبۇكى، شوخلۇقلىق قوزغالسا بىردىن،
سېنى جان ئىگىسى تۇتۇپ قالالماس .
چاڭ ـ توزان ئاستىدا قالىدۇ زېمىن،
ئەمما... بۇ ئايىتىڭ بىر دەملىك، خالاس .
ئەدىمە! قىلمەن ساڭا ئىلتىجا،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

7

قۇرۇيدۇ تەپچىگەن ماڭلاي تەرلىرىم،
تەڭداشسىز بۇ راھەت جىنىمغا ئارام.
قۇرۇيدۇ دىلبىرىم يۇغان كىيىمىم،
چالۇ قونۇپ تۇرسىمۇ كىرلەشمەس ياقام.
قۇرۇغان قانلارمۇ، قۇرۇغان ياشمۇ،
يەلپۈنۈپ ئۇرۇلۇپ ماموق ياغلىقلىق.
ماڭا ھەم يارىمغا بەكمۇ ياقىدۇ،
ئىسسىقتا كۆزنەكنى چىكىپ ئاچقىنىلىق.
رەھمەت دەي يارىمغا قىلماي نارىزا،
شامالار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما.

8

بەزىلەر ئاغرىنار سەندىن، ھەي... بىراق،
باغرىنى تۇتىدۇ شامالدۇرغۇچقا؟
دىرىزە ئىشكىنى چىلۇ ئېتىپ ھەر ۋاق،
دىمىقىپ ياشاشنى كۆرۈشەر ئەلا.
يازدىمۇ غەم يەپ سوغ شامال تېگىشتىن،
يەپ يېتىپ ھېچ ئىشنى چىقارماس باشقا.
ئۇلاردا نە جان بار، نە پىكىر ـ ھېسسىيات؟
ئايلانغان يۈرىكى ئۈچ قىرلىق تاشقا.
ئۇلار چالۇ ـ توزاڭنىلىق قالسۇن ئاستىدا،
شامالار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما.

9

سەن قايرىپ پەردىنى كۆرسەتتىلىق شۇئان،
سافادا ئولتۇرغان سىمىز گەۋدىنى.

چېكەتتى ئىشسكىنلىك ئالدىدا يىغان،
دەردمەنلەر ئىپتالماي ئاڭا دەردىنى .
قانچە كۈن، قانچە ئاي ئۆتتىكىن غەمسىز،
تەپسىمۇ تەۋرىمەي ئولتۇرۇپ شۇنداق؟
بىر چاغدا ئېتىلىپ كىرگەن ئەزىمەت،
ئۇنى دەس كۆتۈردى، ئىرغاتتى يىراق...
كۈلكە كۆتۈرۈلدى پەسلەپ مۈك يىغا...
شامالار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما.

10

يەنە بىر پەردىنى قايرىدىلىك قىيا،
كۆردۈم دۆم چۈشكەننى پۇلغا، ئالتۇنغا.
خەلق ئۈچۈن! خەلق ئۈچۈن! دەيتتى قامالاپ،
ئاڭا ئوت تۇتاشتى قالدى يالقۇندا .
يالغانغا ئۆگەنگەن تىلى كۆيدى راست،
چىرقىراپ كەتتى ئۇ بىلمەيتمەن دەپ .
بۇ زامان خىسلىتى: تېز تۇتار قىساس،
بوغقانى بوغىدۇ ئالغاننى بەر دەپ .
ھەق ئۈچۈن ماڭغاننى ئارماندا قويما،
شامالار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

11

يەنە بىر پەردىنى قايرىدىلىك كۆردۈم:
گۈل سۇنۇپ تۇرۇپلا پىچاق سالغاننى .
ئۆتۈنۈپ ئاغزىدا راھەتنى ئەلگە،
كۆردۈم ئۇ يول ـ يولغا قۇرغان قاپقاننى .
يۇرتىدىشى، دوستىمۇ يىقىلدى دەسسەپ،

مال، پۇلى، جانانى ئۇنىڭغا قالدى .
غۇرۇلداپ ئويغاتتىڭ دەۋاگەرنى سەن!
قانۇن ئۇ ياۋۇزغا كىشەننى سالدى .
كىم تۆلكە، كىم بۆرە، كىم قوي، كىم كالا؟
يىرتىپسەن نىقابنى سوققىن، توختىما .

12

قايىرىدىڭ پەردىنى كۆردۇم؟ بىر ئۆيدە
كىتابقا تىكىلگەن ئەر - خوتۇن ئويچان .
بىر ئۆيدە گۆدەكلەر يىغلايتتى قورقۇپ،
مۇشت تېگىپ ئانىسى دېگەندە «ۋايجان!...»
بىر ئۆيدە تانىسغا چۈشكەن يىگىت - قىز،
ئۇلار بىر - بىرىگە قىلىشار سۇلكەت .
بىر ئۆيدە نان ئۈچۈن ئاقاتتى تەر - قان،
بىر ئۆيدە خۇشاللىق، بىر ئۆيدە كۇلپەت...
تۇرمۇشنى كۆرسىتىپ ئۆز ئەينى ماڭا،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

13

سەن قايىرىپ پەردىنى كۆرسەتتىڭ يەنە،
غادايغان ئالدىدا ئېگىلگەن جاننى .
بىرىنىڭ بېشى دەل تاقاشقان كۆككە،
بىرىنىڭ سەجدىگاھ قىلغان تاپاننى .
ئۆمۈرۋات سەسكەندىم بۇ ئىككى نەستىن،
بۇ بىلەن قانداقمۇ گۈللەيدۇ ماكان؟
گىدىيىش، ئىگىلىش ئۈچۈن ئەمەسكى،
ئويلاپ نەپ بەرگىلى ئىنسان يارالغان!
نەڭسىزلىك ـــ شۇمبۇيا، جاي بەرمەي ئاڭا،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

14

غۇرۇلداپ يول ئالساڭ ئۇچرىغان ھەممە
يەسكەشلىك، نەسلىكتىن نەپرەتلىنىسەن .
تەرىنى قۇرۇتۇپ مەردانىلەرنىڭ،
جاسارەت تەختىدە يۈكسەلدۈرىسەن .
بۇ قۇتلۇق دەۋراندا جۇرئەت ـ پەزىلەت،
گۈل سۇندۇڭ يول ئېچىپ ئالغا يۈرگەنگە .
ئەرك بەردىڭ، ھەركىمنىڭ ئۆزىدە ھېكمەت،
ھومايدىڭ چۆچۈتۈپ قاپاق تۈرگەنگە .
يېقىملىق ئۇرۇلغىن ۋەتەن قويىنغا،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوقۇن توختىما .

15

خۇشامەت ـ قۇللۇقنىڭ زىنىنتى پال ـ پال،
ئىتقىلا يارىشار خۇي بۇ ئۆزگىچە .
ئاسقانلار زەر بىلىپ ئۇنى بويىنغا،
ئېشەك گۈل قىسقاندەك قالار كۈلكىگە!
نادانلار تاجىدۇر كىبىر ۋە ھەسەت،
ئەل پايدا كۆردىمۇ ئۇنى كيگەندىن؟
يول توسۇپ ھەر كۈنى ئاققۇزدى قان ـ ياش،
بولدى بەس! ئۇنىڭغا خاتىمە بەرگىن!
تىزگىنىنى ساپ دىل مەرد ئالسۇن قولىغا،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوقۇن توختىما .

16

سەن ئاڭ پەرىشتىسى تۇتقان سۈپۈرگە،
سۈپۈرگىن، قالمىسۇن دىلدا قارىلىق .

سۈيۈرگىن كەلگ يولنى سۈيۈرگەنسمان،
خۇشاللىق جاي ئالسۇن، تۈگەپ خاپىلىق .
سەن مەردلەر قامچىسى، چاگىلدا تىنماي،
تۇلپارلار بەس ـ بەستە ئۆتسۇن ئالدىغا .
سۈيۈرۈپ تاشلانسۇن مەردلەر سېپىدىن
قاچۇرۇپ ئۆزىنى ئالغان دالدىغا .
تۇز كورنى، نامەردنى زادى ئايىما،
شاماللار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

.17

توختىماي سەن سوقۇپ تۇرسالڭ بۇ زامان،
تۈگەپ جىن ـ ئالۋاستى كۆڭلىمىز ئۆسەر .
ئەسكى تام ئۆرۈلۈپ، يانجىلىپ چايان،
پاساھەت دىلبىرى كۇتكەننى بېرەر .
بولۇپ ئۆز جىسمىغا ھەر كىشى سۇلتان،
كۆزىمىز قەلب ئارزۇ قىلغاننى كۆرەر .
ھالبۇكى، ھەق راستتىن بويۇن تولغىغان،
قېلىپ چاق ئاستىدا قاقشاپ يانجىلار .
يۇز ئاچسۇن ئالدىمدا ئەلۋەك ھۆر دۇنيا،
شامالالار، غۇرۇلداپ سوققىن توختىما .

1989 ـ يىلى 8 ـ ئاي

# ئۆمۈر قەسىدىسى

1

چۈشۈپ جان ياپرىقىم ئۆتتى ئەللىك يىل،
شالاڭلاپ قالدى ئاھ، ۋۇجۇد دەرىخىم .
ئۆمۈرنىڭ كۈز پەسلى بولماس ياپيېشىل،
ئەمدى جەلپ قىلالماس بۇ جامال بېغىم .
ۋە لېكىن تۆكۈلگەن ياپراقلىرىمغا،
رەڭمۇرەڭ نەقىشلەر چېكىلگەن — ئۆچمەس .
ھېلىمۇ يار قەلەم بارماقلىرىمغا،
چوغلانغان شەپەقتىن مېھرىم ئۈزۈلمەس .
قەلبىم دېرىزىسى ئوچۇق ھەمىشەم،
مەن كۆرۈپ كېلىمەن سەگەك باشتا غەم .

2

چۈشۈپ جان ياپرىقىم ئۆتتى ئەللىك يىل،
كۈتمىگەن قىسمەتلەر كەلدى بېشىمغا .
ۋىجدانىم ئالدىدا ئەمەسمەن خىجىل،
تەبەسسۇم قوشۇلماي كەلگەچ يېشىمغا...
قايدا سەن ئەي ئويناق شوخ بالىلىقىم!
خىيال ئەينىكىدە قالدىڭ، يىراقلاپ .
ئۆتكەننىڭ تايچاقتەك تاپىماي ھېچ تىنىم،
گاھ كۈلۈپ، يىغلاپ گاھ كىتاب ۋاراقلاپ .
شۇ دەم بۇ جىسمىمدىن ئىزناڭ تېپىلماس،
يوق مەندە ھۆسنىمۇ ياشلىقىمغا خاس .

3

قالغان ئۇ ياشلىقىم قىزىل بىنادا،
قالغان نۇر ئىچىدە قىلىپ ئۇ پىكىر.
تانىسىغا چۈشكەندە نازلىنىپ باققان،
قىزنىڭ كۆزلىرىگە نەقىشلەپ شېئىر.
ئۇ تار يول ئۈستىدە قالغان تىكىلىپ،
«ساندۇق ئىچىدىكى بوۋاق» قا ئويچان.
شۇ چاغ ئاھ ئۇرغاندا ھاياتقا بېقىپ،
تەگرىتاغ لەرزىگە كېلىپ تولغانغان...
ئۇ قىلىپ جان پىدا ئىنسان بەختىگە،
قالغان ئەل قەلبىدە، گۈلنىڭ بەرگىدە.

4

ئۇ تۆمۈر پەنجىنىڭ ئىچىدە قالغان،
قاغجىرىغان تۇغراقلار تۈۋىدە غەمكىن.
قالغان زۇلمەتلىك خاڭلار تېگىدە،
كولاپ تاشكۆمۈرنى ۋايسىماي تەمكىن.
قالغان ئۇ گۈزەل يار قارىچۇقلىرىدا،
كۆڭۈل ئالبومىغا سىزىلىپ قالغان...
ئەي مەغرۇر ياشلىقىم — غەيۇر چاغلىرىم،
شۇ سۆيگۈ سازىنى سەن ئۆزۈڭ چالغان!
مىلڭ ساندۇق گۆھەرنى بەرسەممۇ شۇئان،
قايتۇرۇپ بېرەلمەس سېنى بۇ زامان.

5

چۈشۈپ جان ياپرىقىم ئۆتتى ئەللىك يىل،
ئاچتىم يەر بېتىنى كوچا سۈپۈرۈپ.

ۋىجدانىم ئالدىدا ئەمەسمەن خىجىل،
ئانامغا نەئاسىي پاسىق كۆرۈنۈپ .
ھاقارەت، كۈلپەتتىن، ئازاب ـ ھەسرەتتىن
خورلانغان چېغىدا ئەقلىم سەزگۈسى؛
قاچۇرغان دوستلارنى قورقۇتۇپ مەندىن،
ئالۋاستى ـ جىنلارنىڭ شۇم كۈلەڭگىسى...
قالغانتىم توپا ـ چاڭ توزان ئىچىدە،
كۈندۈز ھەم مەن مەھكۇم بولۇپ كېچىگە .

6

دەرىخا، خالىغان يېرىمگە ئۇ چاغ،
بارغۇزماي قىينايتتى قاتمۇقات توسۇق .
بىر بۇلبۇل ئىدىمكى مۇڭلۇق قەلبى داغ،
قەپەسكە سولانغان قاناتى بوغۇق .
يامغۇرمۇ ياغاتتى يىلىڭ ئۇچامغا،
تاش بولۇپ بېشىمغا چۈشەتتى مۆلدۈر .
زار بولۇپ تامچە سۇ، بىر پارچە نانغا،
ئۆتكەنتى ياشلىقىم ئاتىلىپ «ئۆلگۈر...»
ئۆلمىدىم ئۈمىدتىن تۇغۇلۇپ تىلەك،
ياشلىقى جۇدۇندا ئېچىپ گۈل ـ چېچەك .

7

ياشلىقنىڭ ھۇزۇرى سۆيگۈدە، لەۋدە،
بۇ شېرىن ھۇزۇرنى سۈرمىدىم بىر پەس .
كەمپىرمۇ ماڭا قىز كۆرۈنۈپ چۆلدە،
راست ئۇ چاغ تەلمۈرۈپ قىلغىنىم ھەۋەس .
ئۆتكەندۇر ياشنىماي ھايات باھارىم،

دوستلاردىن يىراقتا زار بولۇپ شۇنداق .
ئاپتاپتا كۆيدۈرۈپ جىسمىمنى يازىم،
ۋاقىتسىز سارغايغان بىغىمدا ياپراق .
مەن تەشنا ـ زار بولدۇم ئەركىكە ـ ھۆرلۈككە،
چاچلىرى يەلپۈنگەن قارا كۆزلۈككە .

8

كۆرۈنسە ئاسماندا ئالەم كېمىسى،
ھەۋىسىم ئوت ئالدى جىسمىمنى ئۆرتەپ .
ئۇچرىسا يۇرتلۇقۇم مىنىپ ئېشەكنى،
مەن ئۆكسۈپ ياش تۆكتۈم «ھەي بىچارە» دەپ .
ئۆرۈلسا دولقۇنلار قىيا تېشىغا،
ئۆرلىدى پەلەككە كۆڭلۈمدىن سادا:
«ئېگىلىپ تويا ـ چاك ئىچىدە قالما،
ئىزدىنىپ پەرۋاز قىل سەنمۇ سامادا .
نادانلىق ھەر زامان تاپتۇرماس ئارام،
ھاياتنىڭ مەنىسى ياشاش شاد ـ خۇرام .»

9

شۇ نىيەت ـ شۇ تىلەك بەردى كۈچ ـ غەيرەت،
ۋاقتىم ـ جان بايلىقىم بولغانسېرى سەرپ .
بىر ھالال شېرىن ئاش بولدى ئۈمىد، ئوي،
يەپ تويماي روھلاندىم ئەتىنى كۆزلەپ .
يىقىلغان يېرىمدە تۇرغۇزۇپ يەنە،
قوشتۇڭلار قاتارغا دوستلار بەك يۆلەپ .
سىلەرگە ياسىدىم خىيالىمدا تەخت،
بولالاي قانداقمۇ بۇ قەرزنى تۆلەپ؟

مەن نەپەس ئالغان بۇ خۇش ھاۋا ئۈچۈن .
جان ـ دىلىم سىلەرگە تەسەددۇق بولغۇن،

10

مېھرىڭدىن كۆلدۈرۈش مەرھابا ئەيلەپ،
قەھرىڭدىن يىغلىتىش بورىيا ئەيلەپ .
بوۋامدىن قالغان پاك مىراس، خىزمىتىم،
ياشىدىم، ياشايمەن ھۆرلۈكنى كۈيلەپ .
گۈزەللىك ـــ ئالەمنى ئاختۇرۇپ تاپقان،
دائىملىق ئەتىۋار مېھمىنىم مېنىڭ .
نادانلىق، پەسلىكتىن بىزار مەن ھامان،
ساداقەت، ئەجرىڭدە قىممىتىم مېنىڭ .
ئۆمرۈمدۇر سەرمايەم ـ قوشقان ھاياتقا،
ياشايمەن نەپ بېرىپ قالماي ئۇياتقا .

11

بۇلۇتلار بۇزىدۇ ئاسمان رەڭگىنى،
ۋە لېكىن يامغۇرى يەرنى ياشنىتار .
رەڭ ھۆسنۈم بۇزۇلغان بولسىمۇ بىراق،
ياشلىقىم ـــ شاھ سۇلتان، كۆڭلۈم گۈلباھار .
بېشىمدىن ئۆتكەنلەر قىزىق ھېكايە،
ئەۋلادىم گاھ يىغلاپ، گاھىدا كۈلەر .
شور يەردە كۆكەردى مەن تىككەن كۆچەت،
نەۋرەمنىڭ تىككىنى مارىستا يەلپۈنەر .
مارس گويا ئاق قەغەز، رەسسام ئەۋلادىم،
ئەۋلادىم ۋەسلىدە گۈللەر مۇرادىم .

## 12

مەن داۋان ئۈستىدە تۈرىمەن مانا،
قاپتۇ كۆپ ئۆتەڭلەر كەينىدە يولدا .
قەرزىم يوق، بۇرچۇم بار تاپىمەن مۇراد،
تۇتقۇزۇپ قەلەمنى قىزىم، ئوغلۇمغا .
ياپرىقلىق سارغىيىپ قاپتۇ دەپ كۆلمە،
ئەمەسمۇ ئالتۇن ھەم شەپەقمۇ سېرىق .
زۇلمەتكە ئەمەسكى، تەلپۈنۈپ كۈنگە،
بۇ كۆيۈك يۈرىكىم لاۋادەك قىزىق .
جەلپ ئېتەر جانانى يىگىتتەك ھەرئان،
مەغرۇر باش كۆتۈرۈپ ئىجادىم ھامان .

1989 ـ يىلى 4 ـ ئاي



# ۋىسال قەسىدىسى

«ئادەم قېرىسىمۇ مۇھەببەت قېرىمايدۇ»

— دانالار سۆزىدىن

1

تەلمۈرگەن كۆزۈمگە غەرق ئاسمان - زېمىن...
ئۆتتى يار ئاي - يىللار سېنىلا ئىزدەپ .
تىلسە بىراۋلار بايلىق تەڭرىدىن،
سورىدىم، قايدا ئۇ گۈلجامال قىز؟ دەپ .
بولدۇم ھەر ئۆتەڭدە ساڭا ئىنتىزار،
كۆكسىنى ئاچقانغا مەن تەتۈر قاراپ .
ياشىدىم ئىشقىمنى تىلەپ كوي ئەشئار،
ھېسلىرىم سەھەر - كەچ ئۇپۇققا تاراپ .
تولدى قان - يىرىڭغا سەۋرىم قاچىسى،
قالدى قۇم ئاستىدا سۆيگۈم دالاسى .

2

ئىڭشاپ خۇش نەپىسلىك غۇر - غۇر شامالدىن،
ئىشىك قېقىپ چاقىردىم بولمىدى جاۋاب .
گۈللەردىن ھىدلىسام سېنى نازىنىن،
بۇلۇتلار كۆكسىدىن تۆكۈلدى شاراب.
ئارزۇغا ئايلىنىپ كەتكەن دىدارىڭ،
بولدى چۆل سەھرادا يېگانە ھەمراھ .

بىغىشلاپ جاسارەت چۈشۈمدە نازىلىك،
كۆز چاناقلىرىمغا يازدى مۇئەمما .
تەرلىرىم تاراملاپ ئۇرغاندا دولقۇن،
چېچەكلەپ دەشتلەردە يەلپۈندى يۇلغۇن .

3

يۇلتۇزۇم پەلەكتىن ئېقىپ ئىزىڭغا،
تاپتىممەن، تاپتىممەن سېنى دىلرەبا .
بولدۇم نەچاقنىغان زوھراغا ئۇلپەت،
كۆردۇم نە خۇشگۈلنى ـ يەلپۈگەن سابا؟
ئالدىمدا مايسىراپ ئۆچكەن بىر چىراغ،
بەرگلىرى تۆكۈلگەن قاقشال بىر قوراي...
سەنمۇ بۇ ئوت كۆڭلۈم تارتقان ئىشتىياق،
ئىنتىلگەن بوۋايغا تەلپۈنگەن موماي؟...
ياق، سەن شۇ بوستان چاچ قارا كۆز جانان،
ھۆسنۈڭنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ ئەپغان .

4

مەشۇقۇم كۆزۈڭنى كۆردۈم، دېدىم «ئاھ!...»
قېنى ئۇ مۇھەببەت يورۇتقان چىراغ؟
قېنى ئۇ مەرگەنلەر سەپ تۈزگەن جەڭگاھ،
زۇلمەتلىك قۇدۇقنۇ قۇرۇتقان بىراق؟
كۆرۈنمەس ئالمىسى نازۇك شېخىڭنىڭ،
كولاندى شور باسقان ئېرىقلار نېچۈن؟
قالماپتۇ سۇلكتى گۈلگۈن چېغىڭنىڭ،
ياپرىقلىق شىلدىرلار، بىراق چىقماس ئۈن...
مەن ئۇچۈن سەن ھامان ياش قىزسەن شېرىن،
كۈچلەندىم پەرھاددەك ئاققۇزۇپ ئېقىن .

5

مەشۇقۇم قولۇڭنى كۆردۈم تىترىگەن،
ئۇرۇلدى يۈزۈمگە چوكا مۇز كەبى .
بىر چاغ ئوت ئىدىڭ، ئالماس ئېرىگەن،
ۋە كىرمۇ قونمىغان يۇمران پاك، سەبىي .
سۇنۇلدى گۈلدەستە خۇش پۇراق نۇرلۇق،
ھەم بىر جام مەي ماڭا...، ئىدىم چاڭقىغان .
ئالاي دەپ قولۇڭنى تۇتسام قۇيقۇرۇق،
ئىچەي دەپ ئېڭىشسەم غەرق قىلدى پىغان .
بۇ چۈشمۇ يا خىيال؟ چىشلىسەم لېۋىم،
ئوڭۇمكەن، ئۇيدى تاش تېمىپ كۆز يېشىم .

6

مەشۇقۇم قەلبىڭنى كۆردۈم، سۆيۈندۈم،
شۇ پېتى پارلىداپ تۇرۇپتۇ گۆھەر .
تەقدىر قىسمىتىدىن كۈلدۈم، ئۆكۈندۈم،
سۆيگۈ ۋاقتى ئۆتمەس، كى ئۆمۈر ئۆتەر .
بىلەمسەن، دىدارىڭ تاپالماي ئۆكسۈپ،
كوچىلار قالمىغان ئاھ، مەن ئۆتمىگەن .
تۇرىمەن ئالدىڭدا شۇدەم ئۆرتىنىپ،
ھەر تۈن چۈش كۆرسەممۇ، بۇنى كۆرمىگەن .
ئارىلىق بىر قەدەم شۇنچىمۇ يېقىن،
ھەم يىراق، توسىدۇ تاغ، دەريا زېمىن..

7

مەشۇقۇم، ئەزىزىم كۆردۈممەن سېنى،
پارلىدى مېھرىڭدا تەڭلا ئاي ـ قۇياش .

ۋە لېكىن بارىڭغا باسالماي مېنى،
تۇرىسەن تەلمۈرۈپ كۆزلىرىڭدە ياش .
كېسەلكەن شۇ بەتبەخت بىزنى ئايرىغان،
بېشىدا ئولتۇرۇپ قاراۋېتىپسەن .
ئاچ قويغان نامەردكە بېرىپ ئاشۇ نان،
ئۇ يۇلغان ساچىڭنى تاراۋېتىپسەن...
كۇلپەتلىك ئۆتمۈشنى ئەسلىمە زىنهار،
كەلگۈسىدىن گۈزەل ئەسلىمە قالار .

8

تاكى كۆز يۇمغىچە قارىغىن رەنا،
ھەلقۇمىدىن بوغۇپتۇ ئۇنى سەكرات .
جان قۇشى جىسمىدىن ئايرىلغان چاغدا،
ھۆسنۇڭدە شاد قۇچاق ئاچار ھۆر ھايات!
تېڭىپ ئېڭىكىنى باقسالڭ كۆرىسەن:
بىر ساڭا ئىنتىلىپ تۇرغان ئاشىقنى .
ئۇ جەسۇر چىداملىق ئەزىمەت — بۇ مەن!
كۇتۈۋال سۆيگۈگە مەڭگۈ سادىقنى!
قايتىپ ھۆر ياشلىققا كۇلەيلى بىللە،
نۇر سۆيگەن دولقۇندا ئۈزەيلى بىللە.

1990 - يىلى 4 - ئاي

# ئۇۋا قەسىدىسى

1

ۋەتەن! ئانام جېنىم ئاشىق ئوغلۇڭمەن،
گاھ تاغدا، گاھ باغدا قۇچىسەن مېنى .
ئاھ چەكسەم ئاسمانىڭ مۇڭ تۆكەر بىللە،
كۈلسەم گۈل ـ چېچەكلەر باغاشلار سېنى .
خۇشلۇقۇڭ، قايغۇڭمۇ بالىچۇن مەندەك ـ
قوغلىشىپ ئۆسكەن شوخ شاملىڭ بىلەن .
چاڭقىسام سوغ سۈيۈڭ ئېتىيدۇ قەندەك .
سۈمۈرسەم كۆتۈرۈپ تاۋنىڭ بىلەن .
كۈچ ـ ئەقىل بەرگەن پاك دەريا بۇلىقىڭ...
بۇ ئاق چاچ ــ مەنغۇ شۇ بەگباش ئومىقىڭ .

2

تۆمۈر ناللار قىلغان زىبدە قان،
سېھىرلىك باغرىڭدا ئۆستۈم ـ يېتىلدىم .
ھىلىمۇ ئات ـ ئېشەك توپا توزۇتقان،
چىغىر يوللىرىڭغا سۇ چاچار مېھرىم .
قاچانمۇ كىر قونماس ئاپپاق ياقامغا،
چاڭ ـ توزان باسماس كۆك ـ يېشىل ياپراقنى؟
ئېچىم بەك ئاغرىيدۇ دېھقان دادامغا،
ئېتىزغا سۇ تۇتقان كېچىپ پاتقاقنى...
بۇ بىر چۈش... ئويغانساق قۇچىدۇ ئانا،
جانلىنىپ نۇر بىلەن يۇيۇلغان دالا .

## 3

ئاڭلاپ كۆز ئاچمەن خۇش ھاۋا سەھەر،
دۇك - دۇك ئۇرۇشنى ئوت يۈرىكىمنىڭ .
«ئىگە!...» دەپ تۇغۇلۇپ بۇگۈنگە قەدەر،
تىڭشاپ كېلىۋاتىمەن غەم، تىلىكىمنىڭ
كۈن - ئاينى يىغلاتقان ساداسىنى ئاھ!
جاراڭلاشلىرىنى قىلىچ - نەيزەڭنىڭ،
تۇگىتەلمىدىم قېتىپ قوشاققا
دەرد - ئەلەملىرىنى قانلىق نەيرەڭنىڭ .
توختىغان قايسى ۋاق ئادامەت، ئۆكسۈش؟
ئايىغى يوق داستان مەن ئۇچۇن ئۆتمۈش .

## 4

ھەر تاڭ بىر ئۆتەڭدىن سالسەن يولغا،
ئاخشامنى باشلايمەن: «قىممەتلىك ھايات.
پەرۋاز قىل يۈكسەككە، ئارماندا قالما،
ئەركىنلىك ئادەمگە، ئالەمگە قانات!
ۋەتىنىم قۇچىقىڭ يولدۇر، ئۇزۇن يول،
گۈل ئاچماس مەنزىلگە يەتمەي ئۈمىدىم .
ئۇزارتسام قىيادىن ئۆرلەۋېتىپ قول،
چىقاردى چوققىغا تارتىپ جۇرئىتىم .
ئۆتمەن داۋاندىن، چوڭقۇر ھاڭلاردىن،
پاك قىلىپ ھۆسنۈڭنى توپا - چاڭلاردىن .

نائىنساب يىگەنچە يۇرەكلىرىڭنى،
تۇغۇلار باغرىڭدا يۇرەكلىك ئوغۇل...
سەن شۇنداق خىسلەتلىك ۋەتىنىم ئانام،
قىلغىن پاك ئەقدەم، سۆيگۈمنى قوبۇل.
سادىغاڭ بۇ بېشىم زەررە توپاڭغا،
ئۈمىدلىك نەزىرىڭ دەرمان بالاڭغا.

**10**

قايغۇڭنى يۇتۇشكە يەتمەيدۇ ئۆمرۈم،
كۆلكەڭنى كۆلۈشكە تېخىمۇ يەتمەس.
شادمەنكى، ئانىجان بىر سېنى سۆيدۈم،
جان بەرسەم سەن ئۈچۈن ھېچ بىكار كەتمەس.
مۇھەببەت، نەپرەتنى قانداق بىلدۈرسەڭ،
رەقىب ۋە دوستنى پەرق ئېتمەن شۇنداق.
ئارمىنىم قالمايتتى مەندىن سۆيۈنسەڭ،
ئالدىڭدا مەشۇتتەك يۈزۈم بولسا ئاق.
كۈندۈز - تۈن يولدىمەن، بەك يىراق مەنزىل،
ياتقانچە يۇتقا تاش ماڭىمەن دادىل.

**11**

ھەر شەھەر - كەنتىڭدە بار ئىللىق ئۇۋام،
قورۇنۇش، ياتسىراش ۋۇجۇدۇمغا يات.
قىزىق قۇم توپاڭدا ماڭغان يالاڭياق -
بالاڭمەن، ئېگىلمەس قامىتىم شەمشاد.
ئۇۋىسى ھاۋادا ئەمەس قۇشىڭمۇ،
زارلانماس يەم ئىزدەپ چەككەندە ئەلەم.

كۆرگەن كۈن، تارتقان دەرد ـ
كۈتكەن بەختىم بۇ:
تۇتقۇزدىڭ، قولۇمدىن ئاجرىماس قەلەم.
ئۆلەر بەخت بۇلبۇلى قامچىلاپ ۋىجدان،
زايە قىلغان كۈنى بەرگەن كۈچنى ـ نان.

1990 ~ 2001 ـ يىللار، ئۈرۈمچى، قەشقەر



# تەڭرىتاغ قەسىدىسى

ئەي تەڭرىتاغ!
باغرىڭ قارلىق چوققاڭغا
مەن قارايمەن، سېنى قۇياش، ئاي سۆيەر .
سەن ئۇرۇلۇپ تۇرساڭ كۈمۈش تۇزانغا،
شەيدا بولۇپ جامالىڭغا ئەل كۆيەر .

تاشنى يېرىپ ئېچىلغان قار لەيلىسى،
قىسلغاندۇر نۇر ئوينىغان چېكەڭگە .
ئاق تون، مۇز تاج كىيىپ تەختتە ئولتۇرساڭ،
تاشلار گەۋدەڭ يەرگە ھەيۋەت كۆلەڭگە.

ئۆڭكۈرۈڭدە ئېيىق، مولۇن جاي تۇتقان،
جەرەن، قۇلۇن ئوتلار يېشىل باغرىڭدا .
شاخلىرىڭدا ناخشا ئېيتار بۇلبۇلۇڭ،
شامۇسەھەر جور بولۇپ خۇش سازىڭغا .

شاھ ئەل سوراپ،
گاداي ئۆتكەن پۇل سوراپ،
باغرىڭ بازار، باغرىڭ مازار، بارىگاھ،
قان تۆكۈلگەن،
گۈلمۇ چاقناپ ئېچىلغان،
قوينۇڭ جەڭگاھ،
قوينۇڭ خىلۋەت سەيلىگاھ .

ساداق ئاسقان بوۋام قەدىم زاماندا،
ئالۋ ئوۋلىغان ساڭا يىقىپ باغرىڭنى .
ئۆتۈپ سەندىن تەڭگە تۇپراق سۆيگۈسى،
ناخشا ـ كۈيگە كەلتۈرگەندۇر ئاغزىنى .

سىنى سۆيۈپ ياۋنى يەڭگەن ئوغۇزخان،
يۇرگەنىكەن كۆك بۆرىنىڭ كەينىدىن .
نەچچە ئەلنى بىسىپ كەلگەن ئىسكەندەر،
ساڭا قاراپ يانغانىكەن پەيلىدىن .

ئاچ چاپتۇرۇپ ئاپراسىياپ تۆپەڭدە،
تالۋ قالدۇرغانىكەن يەتتە ئىقلىمنى .
قوبۇل تۇتقان بۇغراخان ھەم سىنى دەپ،
«ئەلگە بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم» نى .

مەھمۇد بوۋام يازدى دىۋان سەن ئۈچۈن،
گويا ئۆچمەس مەشئەل ئاستى كۆكسۈڭگە .
كۆتۈرۈلدى قۇچىقىڭدىن يۇلتۇزلار...
چاقناپ زەردەك ئۇنچە چىچىپ ئۈستۈڭگە .

ئۇچاغ قوينى، ئات، كالىنى...
ئەجدادىم،
يەركەن پۈتۈن بويى زىخقا ئۆتكۈزۈپ .
قاراپ كۆككە ئىشقىن ئىزھار قىلاركەن،
نورۇز كۈنى ياغلىق قاپاق كۆيدۇرۇپ...

ئەلەم تۇتۇپ كەلگىنىدە چىڭگىزخان،
قەلەم سوۋغا قىلىپ دەپسەن كۈلدۇرۇپ .

«قايىل قىلغان باتۇر بولار قان تۆكمەي،
يەڭگەن باتۇر ئەمەس ئادەم ئۆلتۈرۈپ...»

تاج كىيگەن ھەم ئاق چوققاڭدىن رەك ئالغان -
ئاق كىگىزدە ئولتۇرۇپ شاھ سەئىدخان،
چولپان كەبى رەھنەما پاك ۋاپادار،
نەفسەنى سۆيگەن ئابدۇلرەشىدخان .

شۇ مەلىكە جان كىرگۈزگەن مۇقامغا،
كۆرۈپ جەسۇر قامىتىڭنى ھەيۋەتلىك .
نۇرۇڭ مەدەك ھۆر تۇغۇلۇپ باغرىڭدا،
سادىر ئاتلىق پالۋان چىققان غەيرەتلىك .

قىلغان شاھنى جامالىغا مەھلىيا،
ئىپارخان خۇش گۈللىرىڭدىن بوي بېرىپ .
تاش - توپاڭنى بىلىپ گۆھەر - تۇتىيا،
جان بەرگەندۇر ساڭا ھەردەم ئىنتىلىپ .

ئالماسىڭدا ئەينەك سىلىپ ئەخمەتجان،
ئەل قەلبىگە لاۋۇلدىتىپ ئوت ياققان .
شائىر ئوغلۇڭ ئۇيغۇرنى ياۋ چاپسىمۇ،
قالدى روھى بولۇپ مەڭگۈ غەزەلخان .

«ئېيت نېمشقا ياشايسەن بۇ دۇنيادا؟...»
دەپ مەردانە سوئال قويۇپ يىللارغا،
— ئىجاد،
كۈرەش...
ئۇچۇن...» دېدى لۇتپۇللا،
چىراغ يېقىپ سېنى سۆيگەن دىللارغا .

بولدى ئۆسكەن دەرەخلىرىڭ سايىۋەن،
سۇغا كۆۋرۈك،
ئۆيگە تۈرۈك،
دەرۋازا .
بولدى كەتمەن، قىلىچ، تۇغقا مەزمۇت ساپ،
بولدى دەستە، ساتار، تەمبۇر، راۋابقا .

ئاتام مىلتىق ئالغان چاغدا قولىغا،
سېنى قوغداپ ئاتقانىكەن دۈشمەننى .
جاسارىتى ئۇرغۇپ ھۆرلۈك يولىدا،
قان ـ تەر تۆكۈپ، ئاسراپتۇ يۇرت ـ گۈلشەننى .

قىلمىدىڭسەن ئاسىيلارغا ھېچ رەھىم،
ئەقىدىسى، ۋىجدانى يوق بىنىشان .
قەست قىلسا كىم ئورا كولاپ باغرىڭغا،
چۇشۇردىڭسەن ئۆز جىسمىنى ھەر زامان .

كۈلكىسىمۇ، يىغىسىمۇ ھاياتىنىڭ،
سىڭىپ كەتكەن ئىچىڭگە، قات ـ قېتىڭغا .
سەن غۇلىماي، يا ئېگىلمەي زورايدىڭ،
خىسلەت بار نۇر چاقناپ تۇرغان تېنىڭدا!

× ×

بۈگۈن مانا قۇملۇق دەشتتە ئۇھ تارتماي،
مەن قارايمەن باغدىن قارلىق چوققاڭغا .
پەخىرلەنمەي نېچۈن تۇرسام چۆمۈلۈپ ـ
ۋۇجۇدۇڭنى قۇچقان كۈمۈش توزانغا...

كەتمەن چېپىپ، بازغان ئۇرۇپ چېنىققان،
قوللار ساڭا ياماشماقتا ئېگىزلەپ .
زورلۇق، زۇلۇم تىغى پاتقان كۆكسۈڭگە،
ئىز قالدۇردى ئالىم، ئەدىب ئەزىزلەپ .

ئاق چوققاڭدىن سادا كېلەر
«ئۇ گەنگىن!
سەن خۇشامەت قىلما نامەرد پەسلىگە .
بولار چۆل - چۆل تاشلىرىمنىڭ زەربىدىن،
ماڭا تاما قاچىسىنى تەڭلىمە .

ئوغا چېچىپ سېلىپ نىزا ئارىغا،
پىتنە تېرىپ كاززاپ ھوسۇل ئالالماس .
بىلسەڭ دوستۇم كۆيدۇرگەندىن بىزارمەن،
شۇم جىنىنى چايان ساقلاپ قالالماس .

مەن ئويغاندىم،
چۆل ئويغاندى،
ئەلمۇ ھەم،
ئىزدەن ئاياغ ئاستىڭدا مەن گۈللىنەي،
يولدۇر باغرىم، تاغدىن - باغقا تۇتاشقان،
ئىز قالدۇرۇپ ماڭغىن راھەت كۆرسىتەي...»

ئاۋازىڭنى ئاڭلاپ، ئالغا ئىنتىلىپ،
مەن قارايمەن باغدىن قارلىق چوققاڭغا .
قارايمەن سەن نۇرلاندۇرغان كۆز بىلەن،
يايلاپ يۈرگەن بوتا، تايچاق قوزاڭغا .

مەن قارايمەن ئۆتمۈشۈڭگە ئەلەملىك،
قىلىچ، نەيزە سۇنۇقلىرى قاپلىغان .
مەن قارايمەن بۈگۈنىڭگە قەلەملىك،
ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويۇپ چامدىغان .

يېڭى مەزمۇن بېرىپ ئۆتكۈر ھاياتقا،
سېنى كۈيلەپ، سېنى سۆزلەپ ياشىدى .
ئىگە بولدى تېيىپچان قوش قاناتقا،
ئېيتىپ تىنماي تۈگىمەس ھۆر ناخشىنى .

يالقۇنجىدى ئەلدە «ئانا يۇرت مېھرى،
توختىغاندا زوردۇن ئاكا يۈرىكى .
سارغىيىپ ئاھ!... روزى سايىتنىڭ چېھرى،
ئاچتى سانسىز دىلدا پورەك تىلىكى ...

پۈشتۈڭمەن چىن دوستقا قولداش، ياۋغا تاش،
ئاق سۇتۇڭنى ئىچىپ سەندىن خۇي ئالغان .
ئۆزۈمگە خاس ئاۋازىم بار، غېمىم بار،
ياشلىقىمدىن ئېتىكىڭگە تارالغان .

بۇتقا ئەمەس، ساڭا ئويچان قاراشتىن،
ئەقىدەمنى تېپىپ يارغا يەتكەنمەن .
ھېچكىم مېنى سەندىن ئايرىۋېتەلمەس!
تاش - توپاڭغا مەن قوشۇلۇپ كەتكەنمەن .

يولۇڭغا ئابىھايات -
بۇلىقىڭ،
شاماللىرىڭ ئارزۇ - ئۈمىد جىلۋىسى،
گۈلدۈرماماڭ باتۇرلارنىڭ نەرىسى،

يېشىل باغرىڭ ھىجران
ۋىسال جىلغىسى .
شۇ چوققاڭدىن كۆن مارايدۇ ھەر تاڭدا،
قار لەيلىسى، ھايات ئۈشكى ئىچىلىپ...»

ئەي ئاتا تاغ!
تاغلار شاھى تەڭرىتاغ،
مەن باغرىڭدا، سەن قەلبىمدە ھەممە چاغ .
ياپراقلىرىڭ مەڭگۈ باھار ماكانى،
ماكانىمدۇر يېڭى گۈلشەن .
يېڭى باغ .

1995 — 2001 ـ يىللار، قەشقەر، ئۈرۈمچى



# ئالتۇن ئاچقۇچ

(داستان، قەسسىدىلەر)

---

**ئاپتورى:** ھاجى مىرزاھمد كېرىمىي

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** بارنجان زەپەر

**مەسئۇل كوررېكتورى:** رەناگۇل ئابلىمىت

**مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ

**خەتتات:** مەمەت نەۋبەت

**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**تېلېفون:** 0991-2827472

**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر

**پوچتا نومۇرى:** 830001

**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۈنچىڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى

**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32

**باسما تاۋىقى:** 9

**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

**تىراژى:** 1—3000

**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 16383 - 0

**باھاسى:** 27.00 يۈەن